2025 سىنتەبىر

ئومۇمىي 73-سان

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



2025 سىنتەبىر
ئومۇمىي 73 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >



## 73 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى | ستەنلى رىدگلېي | 1 |
| ستىۋ جوبىسنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى | گۇرباكش چاھال | 10 |
| مەۋلانا سەككاكى | ھاجى ئەكبەر | 14 |
| ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ پەرقى | | 20 |
| فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر | ئەركىن سىدىق | 28 |
| سۆزلىرىمىز ئارقىلىق قانداق دۇنيا يارىتىمىز: چارلى كىرك ھەققىدە ئويلىغانلىرىم | تود گرىن | 34 |
| ئۆزبېكىستان سەپىرىمدىن خاتىرىلەر | مەمەت ئىمىن دوختۇر | 40 |
| خىتاينىڭ سۇرىيەدىكى باش قېتىنچىلىقى: سۇرىيە ئارمىيىسىدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر | روبېرت بوچىياگا | 66 |
| تەپەككۇر ماشىنىسى: جېنسېن خۇۋاڭنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى كىتاب | ستېفىن ۋىت | 74 |
| ئاۋام پىسخىكىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزدە ئىپادىلىنىشى | توكېتىمۇ ئوۋوۋورىل | 79 |
| خىتاينىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان توگىمەس زۇلۇمنى يوشۇرالمايدۇ | يالقۇن ئۇلۇغيول | 87 |
| بەختلىك نىكاھنىڭ سىرلىرى | مىچىل شارلوپ | 92 |
| قەرز تۇزىقى | خالىد ئەھمەد | 98 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 102 |

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى



پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي



# كۆچلەرنىڭ، ئامەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ـ ئارا تەكشۈرۈلىشى

(23 - لېكسىيە)

«كۆچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قارىماققا ئادەتتىكىچە سۆزدەك تۇيغۇ بېرىدىغان، ئەمما بىزگە سىرتتىن تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قاتار ئومۇمىي كۆچنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇدۇر. بۇ خىل سىرتقى تەسىرلەر بەزىدە مەنىسىز ياكى تەرتىپسىز كۆرۈنىدۇ. پىلانلىرىمىزغا ئوكۇشلۇق ھالدا يېتىش ـ يېتەلمەسلىكىمىز بىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سىرتقى كۆچلەرنى قانداق يېڭىشىمىزگە باغلىق.

بىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان سىرتقى كۆچلەردىن بىرى كۈلتۈردۇر. بۇ لېكسىيەدە كۈلتۈرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە قاراپ چىقىپ، كۈلتۈرنىڭ سودا دۇنياسىدا ئىستراتېگىيىلىك پىلانلاشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىمىز.

## كۆچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى

سوغۇق ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى «كۆچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى» ئاتالغۇسىنى دۇنيانىڭ كۆچىنى دەڭسەش ۋە تەخمىن قىلىش ئۇسۇلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتتى. سوۋېت ھۆكۈمىتى «كۆچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى» جەھەتتە ئەسكىرىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئىنقىلابىي ۋە باشقا تۈرلۈك كۆچلەرنى نەزەردە تۇتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئۇسۇل بىر پەلسەپىۋى قۇرۇلما، بىر ئۆلچەش ئۇسۇلى، شۇنداقلا ھەرىكەت كۆرسەتكۈچى ئىدى.

سوۋېتلار يۇقىرىقى جەھەتلەردىكى تەكشۈرۈلۈقلارنى تەتقىق قىلدى ۋە ئۆز ھەرىكىتىنى قولىدىكى تۈرلۈك كۆچلەردىن پايدىلىنالايدىغان رەۋىشتە تەڭشىدى. مۇمكىن بولغانلىكى دائىرىدە يۇقىرىقى كۆچلەرنى ئۆز پايدىسىغا ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى. بۇ خىل ئىستراتېگىيىلىك ئۇسۇل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىزلاپ

كەتكەن ئىقتىسادنىڭ كۈچىيىشىنى ۋە سوۋېت جەمئىيىتىنى كۈچلۈك ئامېرىكا ئىقتىسادى قارشىسىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنى روياپقا چىقاردى.

بىزگە نىسبەتەن كۈچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى ئۇزۇن مۇددەت بىر زىددىيەتلىك ئەھۋالغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى ئۇچۇقلاشتۇرىدىغان كۈچلۈك ئۇقۇمدۇر. بۇ ئۇقۇم بىزگە دائىما تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ ئامىللارنى — مەيلى ئۇ ئامىللار ئىجابىي بولسۇن، ياكى سەلبىي ئامىللار بولسۇن — بەك ياخشى ئۇچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىراق، شۇنىمۇ بىلىشىمىز مۇھىم. بىز بۇ كۈچلۈك ۋە شەخسىي بولمىغان ئامىللار قارشىسىدا چارىسىز ئەمەسمىز. ئۇلارغا قارشى توغرا مەيداندا تۇرۇپ، بەئەينى ئايكىدو (aikido) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرىنىڭ رەقىبىنىڭ كۈچىنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ئىشلەتكىنىگە ئوخشاش، بۇ كۈچلەرنى ئۆز پايدىمىزغا ئۆزگەرتەلەيمىز.

ئىلگىرىكى لېكسىيەلىرىمىزدىن بىرىدە مۇھىت توغرۇلۇق ئانالىز يۈرگۈزۈش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. «كۈچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى» بىزگە پەرقلىق تاشقى مۇھىت ئانالىزلىرىغا بىر پۈتۈن شەكىلدە قاراپ چىقىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ. بۇ ئۇقۇم كۇلتۇرەل، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنولوگىيىلىك ئامىللارنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە بىر پۈتۈن ھالەتتە كۆرەلىشىمىزنى روياپقا چىقىرىدۇ.

كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا نەزەر سېلىش سىرتتىن كەلگەن كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا قارشى قايتۇرىدىغان ئىنكاسلارنى ئالدىن ئويلىشىشىمىزغا ۋە ئۆزىمىزگە زىيان سېلىشنىڭ ئورنىغا نىشانلىرىمىزغا ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئۇلىشىدىغان يولدا مېڭىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

**تەلەي**

بەزى ئىنسانلار دائىملا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، بەك ئاز مەغلۇپ بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىز بۇنى «تەلەي» دەپ ئاتايمىز. ئەمما، بۇ ئەسلىدە «تەلەيلىك» دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ھادىسىلەرنى ياخشى كۆزىتىپ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقانلاردىن پۇرسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەقلىي ۋە ئىلمىي رەۋىشتە قەدەم ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«تەلەي» ، «تەلەيسىزلىك» دېگىنىمىز ئەسلىدە كۆچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىگە قايتۇرۇلغان ئىنكاستۇر. بىزگە كەلگەن تەلەيىنى ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش جەريانىدا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن مۇئامىلە قىلىپلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە چۈشەنسەك بولىدۇ.

ئەگەر ھەرىكىتىمىزنى بۇ كۈچ ئېقىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرساق، تەلىيىمىز ئاشىدۇ. ئەگەر سىرتقى كۈچلەرنى يوق ساناپ، ھەممە ئىشنى زورلاپ يۈرۈپ قىلىشقا ئورۇنساق، كۆپىنچە چاغلاردا تەلىيىمىزنىڭ تەتۈر كەلگىنىگە شاھىت بولۇپ قالىمىز.

«تەلەي» ، «تەلەيسىزلىك» دېگىنىمىز ئەسلىدە كۆچلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بېرىلگەن بىر تۈرلۈك ئىنكاستۇر. بىزگە كەلگەن «تەلەي»نى ئەتراپىمىزدىكى ئوتتۇرىچە زامان ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان تۇتاملىق ھەرىكەت ھالىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كۆرسەك بولىدۇ.

ئەگەر ھەرىكەتلىرىمىزنى بۇ كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشىغا ئاساسەن شەكىللەندۈرسەك، تەلىيىمىزنىڭ «كاج»لىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگىرىش ئېھتىمالى ئاشىدۇ. ئەگەر بۇ كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشىنى كۆرمەسكە سالساق، زورلاپ يۈرۈپ قارىسىغا ئىش قىلىش يولىغا كىرىۋالساق، كۆپىنچە ئەھۋالدا تەلىيىمىزنىڭ كاجلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

يازغۇچى ماكس گۇنسىر (Max Gunther) تەلەيلىك ئىنسانلاردا كۆرۈلىدىغان، ئەمما تەلەيسىز ئىنسانلاردا ئاساسەن بولمايدىغان بەش ھالەتنى تىلغا ئالغان.

1. تەلەيلىك ئىنسانلار باشقىلار بىلەن سەمىمىي ۋە دوستانە مۇناسىۋەت قۇرىدۇ. بۇ ھالەتنى «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى» دەپ ئاتايمىز.

2. تەلەيلىك ئىنسانلار سەزگۈلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

3. تەلەيلىك ئىنسانلار جەسۇرلۇق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. گۇنسىر بۇنى «تەلەي جەسۇرلار تەرەپتە تۇرىدۇ» دەپ ئاتايدۇ. جەسۇر ئىنسانلار تەلەي پۇرسەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. جەسۇر ئىنسانلار يەنە يامان ئەھۋاللاردىن تېز قۇتۇلۇپ چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

4. تەلەيلىك ئىنسانلار ھاياتنىڭ سوپۇن پارچىسىغا ئوخشاش تېيىلغاق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھاياتنى پۈتۈنلەي كونتروللۇققا ئالالايمەن دەپ قارايدىغان، يەنى «ھايات پۈتۈنلەي مېنىڭ كونتروللۇقۇمدا» دەپ قارىغان ئىنساننىڭ خاتالىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

5. تەلەيلىك ئىنسانلار ئەھۋاللارغا رېئال نەزەردە قارايدۇ. بۇ سەۋەبلىك ئەڭ يامان ھالەتكە دۇچ كەلگەندىمۇ ھەرگىز نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ.

بۇ بەش ھالەتنى ئۆزىدە جارىي قىلدۇرغان كىشىلەرنىڭ «تەلىيى» كېلىدىغانلىقى مەلۇم.

بۇ ھالەتلەر نىشانىمىزغا يېتىشىمىز ئۈچۈن كۆرۈنمەس سەۋەبلەرنى بىزنىڭ پايدىمىزغا ئايلاندۇرۇشقا خىزمەت قىلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ھالەتلەردۇر.

ئەگەر «كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشى»نى مۇھىتقا ئالاقىدار بىر زېمىن سۈپىتىدە ئويلىساق، يۇقىرىقى بەش ھالەت پرىنسىپلارغا قارىتا توغرا مەيدان بەلگىلەش شەكلى سۈپىتىدە كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

ئەقىلگە تايانغان ھالدا مەيدان بەلگىلەش مۇۋەپپەقىيەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلمايدۇ. ئەمما، ئىجابىي نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ.

## كۇلتۇرەل مۇھىت

كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشىنىڭ مۇھىم پارچىسىدىن بىرى كۇلتۇرەل مۇھىتتۇر. كۇلتۇرەك كۈچلەر چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشىغا كۈچلۈك رەۋىشتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۇلتۇرنى ئاساس قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى چۈشىنىش ۋە تەخمىن قىلىش ئۈچۈن بىز ئىشقا سالالايدىغان قوراللاردىن بىرى 1970 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا گوللاندىيەلىك تەتقىقاتچى گېرت خوفستىد (Hofstede) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كۇلتۇر ئۆلچىمى» پىكرىدۇر.

بىر دۆلەتنىڭ كۇلتۇر سەۋىيەسىنى بىلىش ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي جەريانلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىنىشى قاتارلىق تەرەپلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەمچى بولالايدۇ.

بارغانچە يەرشارىلىشىۋاتقان بۇ دەۋرىدە بۇ خىل ئۇچۇرلار، بولۇپمۇ باشقىسىنى دوگما رەۋىشتە باھالاشتىن ياكى ئۆزىمىزنىڭ كۇلتۇرەل ئۆمىدلىرىمىزنى باشقا كۇلتۇرلەردىن كەلگەنلەرگە تېڭىشتىن ساقلىنىپ قالالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

خوفستىدنىڭ كۇلتۇرگە «بىر گۇرۇپپىنىڭ ياكى ئىنسان تۈپى ئەزالىرىنى باشقىلىرىدىن ئايرىيدىغان زېھنىنىڭ كوللېكتىپ پروگراممىسى» دەپ تەبىر بېرىدۇ. خوفستىدنىڭ قارىشىچە، كۇلتۇر باشقا بارچە قىممەت سېستىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

كۇلتۇرنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان ھالىتى — كۇلتۇرنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى — سىمۋوللار، قەھرىمانلار ۋە مۇراسىملاردىن ئىبارەت  ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

كۇلتۇر بۇ جەھەتلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۆزىمىزگە تەۋە كۇلتۇر مۇھىتىدا بۇ خىل كۇلتۇرەل ھالەتلەرنى بەك ئويلاپ كەتمەيمىز. بىراق، بۇ خىل كۇلتۇرەل ھەرىكەت قېلىپلىرى ھاياتنى ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇمكىن ھالغا كەلتۈرىدۇ.

بۇلارنى پەقەت تامامەن پەرقلىق بىر كۇلتۇرگە دۇچ كەلگەندە پەرقلەندۈرىمىز. كۇلتۇرەل ھەرىكەتلەر خوفستىد ئوتتۇرىغا قويغان كۈچ ئارىلىقى، ئېنىقسىزلىقتىن ساقلىنىش، ئىندىۋىدۇئالىزىم ۋە ئەركەكلىكتىن ئىبارەت تۆت مۇئەييەن كۇلتۇرەل ئالاھىدىلىكلەر بويىچە تەخمىن قىلىنىدۇ. بۇ مودېل نەچچە ئون يىللاردىن بېرى كۇلتۇرەل ھەرىكەتلەرنى تەخمىن قىلىشتا ئۇتۇق قازانغان بولۇپ، بۇ مودېلنى سىياسەت، تەنھەرىكەت، ئىقتىساد، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە دىن قاتارلىق ساھەلەردە قوللىنىشقا بولىدۇ.

### كۇلتۇر ئۆلچىمى

كۇلتۇرنىڭ سودا قۇرۇلمىلىرىنى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ھەرىكىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۇلتۇرنىڭ تۆت دائىرىسىگە قاراپ چىقايلى.

كۈچ ئارىلىقى ئىندېكسى بىر كۇلتۇردە نام ـ شۆھرەت، پۇل ۋە كۈچ جەھەتتىن ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئۆلچەيدۇ. بىر جەمئىيەتتە كۈچ ۋە دەرىجە پەرقىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانداق ئىشقا ئېلىنىدىغانلىقى، كۈچ ۋە دەرىجە سەۋىيەلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە كۈچلۈك رەۋىشتە قوغدىلىدىغانلىقى، كۈچ ۋە دەرىجە تۆۋەنلىدىكى قارارلارنىڭ قانداق چىقىرىلىدىغانلىقى بىر ئورگاننىڭ شەكلىنى ۋە خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

كۇلتۇرەل ئالاھىدىلىكلەر ئورگانلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ ئورگانلاردا قانداق ھەرىكەت قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۈچ مۇساپە كۆرسەتكۈچى بىر جەمئىيەتتىكى يەككە شەخسلەرنىڭ كۈچكە قانداق قارايدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كۈچ مۇساپە

كۆرسەتكۈچىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۈستۈنكى تەبىقىنىڭ ۋە ئاستىنقى تەبىقىنىڭ بىر - بىرىنى شۇنىڭغا خاس روللار ئىچىدە كۆرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. (بۇ بويىچە بولغاندا) يۇقىرىغا قاراپ سىلجىشتىن ئۇمۇت يوق. رۇسىيەنىڭ كۈچ مۇساپىسى كۆرسەتكۈچى 93 ۋاقتىدا، ئامېرىكانىڭ كۈچ مۇساپىسى كۆرسەتكۈچى 40 ئىدى.

نا ئېنىقلىقتىن ساقلىنىش كۆرسەتكۈچى بىر جەمئىيەتنىڭ نامەلۇملۇققا قارشى سەزگۈرلۈكىنى ئۆلچەيدۇ. كىشلەرنىڭ نائېنىق ھادىسىلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئورگانلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ۋە سودا - تىجارەت قىلىش ئۇچۇن ئوتتۇرىغا چىققان ھەرىكەتلەرگە تەسىر كۆرستىدۇ. نائېنىقلىقتىن ساقلىنىش كۆرسەتكۈچى ئىنسانلارنىڭ نائېنىق ياكى مەۋھۇم ھالەتلەرگە قارىتا ئۆزىنى تەھدىت ئاستىدا ھېس قىلىش دەرىجىسىدۇر.

ئادەتتە نائېنىقلىقتىن ساقلىنىش كۆرسەتكۈچى قانچە يۇقىرى بولسا، بىر جەمئىيەت شۇنچە كۆپ قائىدە - يوسۇنلارغا باغلىق بولىدۇ. ئىدارە - ئورگانلاردا قىلىنىدىغان ئىشلار، قەدەم باسقۇچلار ۋە ئۆلچەملەر ناھايىتى ئېنىق رەۋىشتە بەلگىلەنگەن بولىدۇ.

بۇ جەھەتتە گرېتسيە 112 نومۇرغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشكەن. ئەنگىلىيە بولسا ئارانلا 35 نومۇرغا ئېرىشكەن.

ئىندىۋىدۇئالىزم كۆرسەتكۈچى كىشلەرنىڭ بىرلىكتە قانداق ياشايدىغانلىقىغا ۋە ئىشلىگەنلىكىگە، شۇنداقلا قايسى خىل ئورگانلاردا ئىشلەيدىغانلىقىغا تەسىر كۆرستىدىغان شەخس ئۇقۇمىغا بىر جەمئىيەتنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇشنىڭ قارشىسى كوللېكتىپچىلىقتۇر.

ئىندىۋىدۇئالىزم كۆرسەتكۈچى كىشلەر گۇرۇپپا تەرىپىدىن بەكراق رىغبەتكە ئېرىشەمدۇ ياكى خۇسۇسىي مۇكاپاتلار ئارقىلىق بەكراق رىغبەتكە ئېرىشەمدۇ، مۇشۇ جەھەتنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

ئەڭ يۇقىرى ئىندىۋىدۇئالىزم كۆرسەتكۈچكە ئىگە دۆلەت ئاۋستىرالىيە بولۇپ، كۆرسەتكۈچى 90؛ گۇۋاتمالا ئەڭ تۆۋەن ئىندىۋىدۇئالىزم كۆرسەتكۈچكە ئىگە بولۇپ، كۆرسەتكۈچى 6.

ئاخىرقى ئۆلچەم بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھۇجۇمچى ياكى شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. بۇ ئۆلچەم بىر جەمئىيەتنىڭ شەخسىي مەنپەئەت نىشانىنى ياكى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىدىغان نىشانلارغىمۇ مايىللىقىنى ئۆلچەيدۇ.

مەسىلەن، سلوۋاكىيە شەخسىي مەنپەئەت نىشانىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. (110 نومۇرغا ئېرىشكەن.) شېۋىتسيە بولسا كوللېكتىپ نىشانلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. (5 نومۇرغا ئېرىشكەن.)

ھېچقانداق بىر ئۆلچەم شەخسلەرنىڭ ئىش ھەرىكىتىنى ياكى گۇرۇپپىنىڭ تەرتىپىنى يەككە ھالدا بەلگىلىمەيدۇ. دائىرىلەر جەمئىيەتنىڭ مايىللىقىنى ۋە بۇ مايىللىقلارنىڭ باشقا جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

تۆت ئۆلچەم پەرقلىق شەكىلدە بىرلىكتە ئىشلەيدۇ ۋە كۈلتۈرنى ئاساس قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇمۇتلەر ئۈچۈن ئوخشىمىغان پۇرسەتلەرنى يارىتىدۇ.

سودا دۇنياسىدا ئادەتتە كۈلتۈرگە سەل قارىلىدۇ. چۈنكى كۈلتۈرنى ئىزاھلاش، ئۆلچەش ۋە باھالاش قىيىن. بىراق كۈلتۈر ئۆلچەملىرىنى چۈشىنىش رىقابەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرستى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئۈچ كۈچلۈك ئۇقۇم

كۈچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى قەدىمدىن قالغان ئاتالغۇ. بىراق ئۇ بىزنى سەۋەبسىز رەۋىشتە ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ بىرلەشمىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. گەرچە بىز كۈچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىگە نادىر رەۋىشتە تەسىر كۆرستەلىسەكمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىملىرىنى تونۇيالايمىز، شۇنداقلا ئۆز ھەرىكىتىمىزنى بۇ ئېقىملارنى ئۆز پايدىمىزغا ئىشلىتىدىغان شەكىلدە تەڭشىيەلەيمىز.

كۈچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى، بەخت ئۇقۇمى ۋە كۈلتۈر ئۆلچىمى قاتارلىق بۇ ئۈچ يادرولۇق ئۇقۇم ئانالىز ئىقتىدارىڭىزنى، شۇنداقلا ئىستراتېگىيىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرستىڭىزنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېھتىياجلىرىڭىزغا قارىتا سىز دەرھال ئىشلىتەلەيدىغان ئۈچ كۈچلۈك ئۇقۇمدۇر.

## تەۋسىيە قىلىنىدىغان كىتابلار

گۈنسىر: تەلەي ئاملى

خوفستىد: كۈلتۈرنىڭ نەتىجىلىرى

رىگىيو: جەلىپ قىلىش كۈچى

**ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار**

1. بۇ لېكسىيەدە بىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ بەزىدە چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى. جاھاندا ھەممەيلەنگە ماس كېلىۋېرىدىغان مۇناسىۋەت يوق. سىزگە بېسىم ئېلىپ كېلىدىغان كۈچلەر باشقىلارغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ۋەجىدىن، بىزگە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان ماكرو كۈچلەرنى باھالاش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ «ئۆز ئارا مۇناسىۋەت خەرىتىسى»نى تەييارلاشقا ھەممىمىزنىڭ ئېھتىياجى بار. بۇ سىزنىڭ شىركىتىڭىز ئۈچۈنمۇ، شەخسىي ھاياتىڭىز ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. مەيلى خۇسۇسىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى شىركەتكە مۇناسىۋەتلىك جەھەتتىن بولسۇن، ھاياتىڭىزدا ياخشى ياكى يامان جەھەتتە توختاۋسىز رەۋىشتە بېسىم شەكىللەندۈرىدىغان ماكرو كۈچلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كۈچلەر تەگپۈگلۈقى خەرىتىسى ھازىرلاڭ.

2. ھاياتتا رادىكال ئۆزگىرىش ياسىشىمىزنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىشلار ناھايىتى ئاز. بىز «تەلەي»نىڭ كىشىلەر تاللىغان ئىجابىي ھالەتلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. بۇ لېكسىيەنى مۇزاكىرە قىلىپ چىقىشنىمىزدىن كېيىن، سىز ھازىرلا ئىشقا سالالايدىغان، «سىزگە تەلەي كەلتۈرىدىغان» ئىككى ياكى ئۈچ ئىش ـ ھەرىكەتنى تېپىپ، بۇ ئىشلارنى تاكى سىزنىڭ ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ كەتكەنگە قەدەر دائىم تەكرارلاڭ.

3. كۈلتۈر بىر مۇرەككەپ ھادىسە. بىراق ئۆزىمىز دۇچ كېلىدىغان كۈلتۈرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىش بىزگە سودىدىكى رىقابەت ئەۋزەللىكى ئاتا قىلىدۇ. پورتورىكودا، رۇسىيەدە ياكى مالايسىيادا سودا قىلىش جەھەتتە سىزنىڭ ئۈمىدلىرىڭىزنىڭ ۋە ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ (نورمالدىكىدىن) قانداق پەرقلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاپ كۆرۈڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ستىۋ جوبسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى

گۈرباكش چاهال

# ستىۋ جوبسنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى

گۇرباكش چاھال

نەتىجىگىمۇ ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئەڭ ئېغىر قىيىنچىلىقلارغىمۇ دۇچ كېلىپ باققان بىر كارخانىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ستىۋ جوبسنىڭ ئاخىرقى ئويلىنىشلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. گەرچە 2024 ـ يىلىدا ياشاۋاتقان بولساقمۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى ھەر چاغدىكىدىنمۇ بەك كۈچلۈك تەسىر قوزغىماقتا.

جوبسنىڭ ئاخىرقى يازمىسى ھەققىدە بىر ھېكايە مەۋجۇت. ئۇ يازما ھايات سەپىرىمىزدە بەكمۇ مۇھىم بولغان ئىشلار ھەققىدە توختالغان. بىردىن كۆپ شىركەت قۇرغان، ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، شۇنداقلا ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ دۇچ كەلگەن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇ سۆزلەر ھەر بىر كارخانىچىنىڭ ئاڭلىشى زۆرۈر بولغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مۇۋەپپەقىيەت بانكا ھېساباتىڭىزدىكى پۇلدىن ياكى شىركىتىڭىزنىڭ قىممىتىدىن ئىبارەتلا ئەمەس. جوبس نۇرغۇن كىشىلەر كارخانىچىلىقنىڭ چوققىسى دەپ قارايدىغان پەللىگە چىققان بولۇپ، ئالما شىركىتىنى قۇرۇپ، ئۇنى ئۈچ ترىليون دوللارلىق ئىمپېرىيەگە ئايلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا مەن ھايات سەپىرىمدە ئۆگەنگەن نەرسىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ بولسىمۇ، ھەقىقىي بايلىقنىڭ ماددىي بايلىقنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىدۇر.

كۆپلىگەن شىركەتلەرنى قۇرغان بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، سىز قالدۇرغان ئىجابىي خاتىرىلەر، دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن ئىجابىي يۈكسىلىشلەر سىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

جوبس مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەببەت مىڭلارچە مىل سەپەر قىلالايدۇ. ھاياتنىڭ چېكى يوق.»

شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. ئەڭ قىممەت كارىۋات ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىنىڭ يۇمشاق كارىۋىتى ئەمەس، دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدۇر. بايلىقىڭىز ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋاقىت سېتىۋالالمايسىز.

تۆۋەندە ستىۋ جوبېسنىڭ ئېيتقانلىرىنى ھوزۇرىڭىزغا سۇنىمىز:

مەن سودا دۇنياسىدا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چوققىسىغا يەتتىم. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆرنىكى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خىزمىتىمدىن سىرتىدا خۇشاللىق تاپىدىغان ئىشلىرىم بەك ئاز. بايلىق پەقەت مەن كۆنگەن ھاياتنىڭ ھەقىقىتى.

شۇئان كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ ئۆتكەن ھاياتىمنى ئەسلىگىنىمدە، مېنى غۇرۇرلاندۇرىدىغان ئېتىراپ قىلىنىش ۋە بايلىقنىڭ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنىڭ قارشىسىدا مەنىسىزلەشكىنىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. كېسەل ھۆجرىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ھاياتقا ياردەم ئۈچۈن قويۇلغان تىببىي ئۈسكۈنىلەردىن كېلىۋاتقان يېشىل نۇرلارغا قاراپ ياتىمەن. شۇنداقلا غۇڭۇلداپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا ئىشلەۋاتقان ئۈسكۈنىلەردىن كەلگەن ئاۋازلارغا قۇلاق سالىمەن. ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ ماڭا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

شۇئان ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، (بىز كارخانىچىلار) بىزگە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك پۇل ـ مالغا ئىگە بولغىنىمىزدىن كېيىن، پۇل ـ مالغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان باشقا نەرسىلەرنى قوغلىشىشىمىز كېرەك ئىكەن.

بىز قوغلىشىدىغان ئۇ نەرسە ياشلىقىمىزدا كۆڭلىمىزگە پۈككەن ئارزۇلار، ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر دېگەندەك نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن.

توختىماستىن پۇلنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈش ئىنساننى ئۆزىدىن ئۇزاقلاشقان بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بەئەينى مەندەك. بىزدىكى ھېس ـ تۇيغۇلار بىزگە بايلىقتىن كېلىپ چىققان تەسەۋۋۇرلار ئۈچۈن ئەمەس، كىشىلەردىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن.

ئۆمۈرۋايەت توپلىغان مال ـ دۇنيارىمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەلمەيمەن. ئېلىپ يۈرەلەيدىغىنىم پەقەتلا مېھىر ـ مۇھەببەت ياراتقان ئەسلىمىلەردۇر.

مېھىر ـ مۇھەببەت سىز بىلەن بىللە ماڭىدىغان، سىزگە ھەمراھ بولىدىغان، سىزگە كۈچ بېغىشلايدىغان ۋە يولىڭىزنى يورۇتىدىغان ھەقىقىي بايلىقتۇر.

مېھىر ـ مۇھەببەت مىڭلارچە كىلومېتىر يول يۈرۈپمۇ ھارمايدۇ. ھاياتىنىڭ چېكى يوق. بارغۇڭىز بار يەرگە بېرىڭ. ئۆزىڭىز ئېرىشمەكچى بولغان ئېگىزلىققا ئېرىشىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ۋە سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە.

دۇنيادىكى ئەڭ قىممەت كارىۋات قايسى؟ كېسەل كارىۋىتى.

ماشىنىڭىزنى سىز ئۈچۈن ھەيدەپ بېرىدىغان، سىز ئۈچۈن پۇل تېپىپ بېرىدىغان كىشىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. بىراق سىز ئۆزىڭىز تارتىۋاتقان كېسەل ئازابىنى سىز ئۈچۈن تارتىشىپ بېرىش ئۈچۈن ھېچكىمنى تاپالمايسىز.

سىز قولدىن بېرىپ قويغان ماددىي نەرسىلەرگە قايتا ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، سىز قولدىن كەتكەندىن كېيىن قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بىرلا نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىقتۇر.

بىمار كىشى ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرگەندە ئۆزىنىڭ بىر كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتمىگەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «ساغلام ھايات كىتابى»دۇر.

نۆۋەتتە ھاياتىنىڭ قايسى بۆلىكىدە بولساق بولايلى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پەردە يېپىلىدىغان كۈنگە يېقىنلىشىمىز.

ئائىلىڭىزگە، جۈپتىڭىزگە، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىزگە مېھىر ـ مۇھەببەت بېرىڭ.

ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، باشقىلارنى قەدىرلەڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://belimitless.com/blog/steve-jobs-last-words-gurbaksh-chahal



# مەۋلانا سەككاكى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# مەۋلانا سەككاكى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

مىلادى 15 ـ ئەسىردە پۈتكۈل تۈركىستان مىقياسىدا چاغاتاي ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ تونۇلغان مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى مەۋلانا سەككاكىدۇر. گەرچە ئۇ ئەينى چاغدىكى شۆھرىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان بۈيۈك تۇران ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەمىر تۆمۈر، شاھرۇخ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە ياشىغان نامى مەشھۇر گىگانت شائىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەككاكى دېگەن فامىلىسى ۋە مەۋلانا دېگەن ئەڭ مەشھۇر ھۆرمەت نامىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەقىقىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تېخى بىرەر ئىلمىي يەكۈن چىقىرالىغىنى يوق.

مەۋلانا سەككاكى مىلادىيە 1370 ـ يىللىرى دۇنياغا كەلگەن. بەزىبىر داڭلىق تارىخچىلار ئۇنىڭ مەشھۇر فامىلىسى سەككاكى ئاتالغۇسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى مىلادىيە 1160 ـ يىلى خارەزىمدە تۇغۇلۇپ، 1229 ـ يىلى يازدا ئىلىدىكى ئالمالىق شەھىرىدە ۋاپات بولغان ئەللامە يۈسۈپ سەككاكىنىڭ پۇشتى دەپ قارىماقتا. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئالمالىق ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن ساناقسىز ئىختىساس ئىگىلىرىنى سەمەرقەند ۋە بۇخارالارغا مەجبۇريي ئېلىپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ ئېھتىماللىقنى مەنتىقىگە ئۇيغۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ. سەككاكى ۋە ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى نوپۇزىنى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بايانلىرىدىن كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن.

ئەلىشىر نەۋائى «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسىرىدە ئەينى دەۋرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق شائىرلىرى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت ئەرەب ۋە پارس سۇلتانلىرىدىن تۈرك سۇلتانلىرىغا ئىنتىقال ئەتتى. ھىلاكۇخان زامانى، ئەمىر تۆمۈر كوراگان زامانى، سۇلتان شاھرۇخ مىرزا زامانىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ساپ تۈرك تىلى بىلەن ئەسەر يازىدىغان شائىرلار مەيدانغا چىقتى. سەككاكى، ھەيدەر خارەزمى، ئاتايى، لۇتفى، مۇقىمى، يەقىينى ۋە ئەمىرگە ئوخشاش».

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە شېئىر ۋە ئەسەر يېزىپ تونۇلغان داڭلىق شائىرلارنىڭ بېشىغا سەككاكىنى يېزىشى، شائىرنىڭ نوپۇزىنى ۋە ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. ئەلىشىر نەۋائى

«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دە يەنە شائىر سەككاكىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى ۋە شېئىرى ماھارىتىنى لۇتفى ۋە باشقا ئىران شائىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى چاغنىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى بولغان شائىر يەكمى ئۆزىنىڭ «ئوق ۋە يا» مۇنازىرىسىدە مەۋلانا سەككاكىغا «تۈرك شائىرلىرىنىڭ مۇجتەھىدى[1]» دەپ باھا بەرگەن. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن شائىر سەككاكى «مەۋلانا» نامى بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ نام ھەم سوپىلىقتا يۇقىرى مەرتىۋىسى بار دەپ قارالغان كىشىلەرگىلا بېرىلىدۇ. چۈنكى، مەۋلانا سەككاكى دەۋرداش يېقىنلىرىدىن ئابدۇراخمان جامى ۋە مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئەينى چاغدىكى خۇراسان نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پېشۋاسى سەئىدۇددىن كاشغەرىنىڭ قولىدا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. دەرۋەقە، سەئىدۇددىن كاشغەرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ۋە پارس كلاسسىك شائىرلىرىدىن ئەللامە ئابدۇراخمان جامى، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى، سەككاكى ۋە ئەلشىر نەۋائىلارنى بىر قوللۇق يېتىشتۈرگەن شەخس ئىدى.

سەككاكى بەزىبىر شېئىرلىرىدا ئۆزى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. مەزكۇر قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا تايىنىپ، ئۇنىڭ ياشىغان ئېنىق دەۋرىنى نىسبەتەن توغرا قىياس قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن، سەككاكىنىڭ دىۋانىدا 1405 ـ يىلى باھار ئايلىرىدىن 1409 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمدار بولغان ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى خىلىل سۇلتانغا (خىلىل سۇلتان — مىرانشاھنىڭ چوڭ ئوغلى) بېغىشلىغان قەسىدىسى بار بولۇپ. بۇ قەسىدە ھىجرىيە 810 ـ يىلى (مىلادىيە 1407 ـ 1408 ـ يىللىرى) يېزىلغان. بۇ قەسىدىنىڭ تېكستى تۆۋەندىكىچە :

«تارىخ سەككىز يۈز ۋە ئون ئىدى ۋە قەدىر كېچىسى بىر ھىلال ئاي تۇغۇلدى. دۇنيادىكى بۈيۈك مەملىكەتكە خاندۇر».

شۇ چاغدىكى شېئىرىي ماھارىتىنىڭ قالتىسلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئەينى دەۋردە شائىرنىڭ تەخمىنەن 30 ـ 35 ياشلاردا ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنسا، ئۇنىڭ مىلادىيە 1370 ـ يىللىرى، يەنى ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئەمىر قەمەرىددىندىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇشقاق بەگلەرنىڭ يېغىلىق دەۋردىكى تازىمۇ ئەنسىز يىللاردا تۇغۇلغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. گەرچە، ئۇنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاكى 1405 ـ يىلىغىچە قەيەردە ياشىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بولمىسىمۇ، لېكىن ئەلشىر نەۋائىنىڭ بايانلىرى ۋە مەۋلانا سەككاكىنىڭ دىۋانىدىكى قەسىدىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1405 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەمىر تۆمۈر خىتايغا جازا يۈرۈشى قىلىش يولىدا ئوترارda ۋاپات بولغىنىدىن تاكى ئۇنىڭ نەۋرىسى مىرزا

---

[1] مۇجتەھىد ـ ئىسلام قاۋنشۇناسلىقىدا ئەڭ چوڭ فەقھ ئالىمغا بېرىلىدىغان ئىلمىي نام.

ئۇلۇغبەگنىڭ 1449 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر سەمەرقەند شەھىرىدە قەتلى قىلىنغۇچە بولغان 44 يىللىق جەرياندا مەۋلانا سەككاكىنىڭ ئاساسەن سەمەرقەند شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

شائىرنىڭ دىۋانىدىكى مىرزا ئۇلۇغبەگكە بېغىشلاپ يازغان قەسىدە ۋە شېئىرلىرى مىرزا ئۇلۇغبەگ سەمەرقەندتە رەسمىي سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرىدە يېزىلغان. غەلىتە يېرى، مەۋلانا سەككاكى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ 1449 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىر كۈنى سەمەرقەندتىكى ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى توغرىلىق ھېچنىمە يازمىغان. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، شائىر سەككاكى ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمدارلىق قىلغان زامانىدا (1409ـ 1449) مەشھۇر شائىر بولۇپ تونۇلغان، ئەمما مىرزا ئۇلۇغبەگدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەگەر ئۇ ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇردا شائىرلىق مەرتىۋىسى ۋە مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ بولسىمۇ ھېچبولمىسا بىرەر تەسىرلىك مەرسىيە يېزىشى شۈبھىسىز ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىيمۇ سەمەرقەند شەھىرىدە داۋام قىلغان 1465 ـ 1469 ـ يىللىرىدىكى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا مەۋلانا سەككاكى بىلەن ئەمەس، پەقەتلا سەككاكىنىڭ ھايات كونا دوستلىرى ۋە تالىپلىرى بىلەن ئۇچراشقان ئىدى. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن شائىر سەككاكىنى تەخمىنەن 1370 ـ يىللىرىدىن 1449 ـ يىللىرى ئارىسىدا ياشىغان دەپ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگدىن بۇرۇنراق ۋاپات بولغانلىق ئېھتىمالى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ۋە قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ھەتتا ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىمۇ شۇنچە كۈچەپ ئىزدىنىپ قانائەت قىلغۇدەك ئىشەنچلىك ئۇچۇر ئالالمىغان ئىدى.

مەۋلانا سەككاكىنىڭ ئەزان توۋلىنىپ قويۇلغان ئىسمى ھازىرغىچە ئېنىقلىنىپ بولالمىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىمۇ بەختكە قارشى تارىخنىڭ ئېچىنىشلىق بوران ـ چاپقۇنلىرىدا يوقىلىپ كەتتى. بەختكە يارىشا ئۇنىڭ بىرلا ئەسىرى، يەنە كېلىپ ناھايىتى مۇھىم ۋە قىممەتلىك بىر ئەسىرى زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالغان. «دىۋان» ناملىق بۇ ئەسىرنىڭ ھازىرغىچە نىسبەتەن ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئىككى قوليازما نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا 2079 ـ نومۇرلۇق شەرتلىك نام بىلەن ساقلانماقتا. يەنە بىرى ھازىرقى تاشكەنتتىكى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇ رەيھان بىرۇنى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 7685 ـ نومۇرلۇق شەرتلىك نام بىلەن ياخشى ساقلانماقتا. مەزكۇر تاشكەنت نۇسخىسى لوندون نۇسخىسىغا قارىغاندا خېلىلا كەمتۈك بولۇپ، تۈرك ئالىمى كامال ئەر ئاسلان ھەر ئىككى قولىيازمىدىكى مەزمۇنلارنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلىتىپ بېيىتىپ چىققاندىن كېيىن، 1999 ـ يىلى «مەۋلانا سەككاكى دىۋانى» نى تۈركچە نەشر قىلدۇرغان.

مەزكۇر دىۋان 13 قەسىدە ۋە 57 غەزەل بولۇپ جەمئىي 70 پارچە بىباھا شېئىرىي ئەسەردىن تەركىب تاپقان. يۇقىرىقى 13 قەسىدىنىڭ بىرىنچىسى ياراتقۇچىغا ئاتالغان ھەمدۇ ـ سانا ۋە مۇناجات، ئىككىنچىسى پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇت ـ سالام ۋە مەدھىيەلەر بولۇپ، قالغان 11 قەسىدە ئەينى چاغدىكى تۆمۈرىيلەرنىڭ داڭلىق ھۆكۈمدارلىرىدىن مىرزا خەلىل سۇلتان، شاھرۇخ مىرزا، مىرزا ئۇلۇغبەگ، باشقا مەرىپەتپەرۋەر جامائەت پېشۋا ـ ئەرباپلىرىدىن خوجا مۇھەممەد پارسا ۋە ئارسلان خوجىلارغا ئاتالغان مەدھىيە ـ ئاپىرىنلاردىن تەركىب تاپقان. كېيىنكى 57 غەزەلنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، مەۋلانا سەككاكى غەزەللىرىنى نۇرغۇن خەلق شېئىرلىرىنى ۋە كۈي قوشاقلىرى بىلەن بېيىتىپ، مەزكۇر دىۋاننىڭ تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە ساپلىقىنى كۈچلەندۈرگەن. دىۋاندىكى ساپ تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ مول بولۇشى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ شېۋىسىگە ئورۇن بېرىشى بۇ دىۋاننىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان. مەۋلانا سەككاكى 805 بېيىتلىق كىچىك ھەجىملىك دىۋانىدا پەرقلىق 2330 دانە ساپ ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆز قوللىنىلىشى مەۋلانانىڭ مەزكۇر ئۈچ تىلدىكى سۆز بايلىقىنىڭ نەقەدەر مول ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقتا. كېيىنچە مۇشۇنداق ئېسىل ئەسەرلەرنى ئوقۇشلۇق ماتېرىيالى قىلغان يېڭى بىر ئەۋلاد شائىرلار بەس ـ بەستە ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە شېئىر دىۋانلىرىنى ۋە نەسرىي توپلاملارنى يېزىپ چىقىپ، ئەينى چاغدا مودا بولغان «ئەرەب تىلى ھەسەل تىل، پارس تىلى شېكەر تىل» دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئەلىشىر نەۋائى يازغان «ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە (مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن)» ناملىق ئەسەر بۇنىڭ ئەڭ يارقىن ۋە جانلىق پاكىتىدۇر.

مەۋلانا سەككاكىنىڭ شۆھرىتىنى بىراقلا ئاشۇرغان كىشى ئەلىشىر نەۋائى ئىدى. ئۇ سەككاكىنى كۆرمىگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە ئۇچراشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭغا يۈكسەك ھۆرمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ شۆھرىتىنى پۈتۈن ئالەمگە تارقاتقان. ئەلىشىر نەۋائى مەۋلانا سەككاكىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەر قايسى ماۋەرائۇننەھىر يۇرتلىرىدا ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنى، يەرلىك خەلقنىڭ بەس ـ بەستە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئېيتىشىپ، ئۇنىڭ داڭقىنىڭ پۈتۈن تۇرانغا كەڭرى يېيىلىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى ئېلگىرى سۈرگەن. ھەتتا ھازىرقى زاماندىكى بەزى تىلشۇناسلار، ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە تارىخشۇناسلار سەككاكى بىلەن زاماندىش بولغان مەۋلانا لۇتفىنىڭ بەزى شېئىرلىرىنىڭ سەككاكىنىڭ شېئىرلىرىغا ھەيران قالارلىق شەكىلدە تاسادىپىي ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «خۇتبەئى دەۋادىن (دىۋانلاردىن تاللانمىلار)» ناملىق ئەسىرىدە مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ھەر ئىككىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭدار پاسىھلىرى ۋە تۈرك تىلىنىڭ بەلىغلىرى ( ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنلەرگە

بىرلىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان) ئىكەنلىكىنى ئوچۇق تەكىتلىگەن. سەككاكىنىڭ قەسىدىدە، لۇتفىنىڭ غەزەلدە كامالەتكە يەتكەن بۈيۈك ئۇستازلار بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

گەرچە بىز مەۋلانا سەككاكىنىڭ ئەزان تۈۋلىنىپ قويۇلغان ئىسمىدىن، هاياتى ۋە ئىلمىي ئىش ـ پائالىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولالمىغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتىنى ۋە شۆھرىتىنى يازغان ئەسەرلىرى بىلەن زاماندىشى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ روشەن بايانلىرى تەستىقلاپ تۇرماقتا.

# ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ پەرقى



# ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ پەرقى

دۆلەتلىك روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ (National Institute of Mental Health) مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئامېرىكادا 2000 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىغا قەدەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى بارغانچە ئېشىپ ماڭغان. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قىلمىشلىرى كۆپەيگەنسېرى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇرۇنۇشلىرىنى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش بەك زۆرۈر ھېسابلىنىدۇ.

تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن كىشىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. روھىي ساغلاملىق مۇتەخەسسىلىرى كرىزىسقا دۇچ كەلگەن كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا ھەمدەردلىك (Empathy) ھالىتىدە بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭ نېمە مەنىگە ماگىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر روھىي ساغلاملىق ساھەسىدە ئىشلىمەيدۇ، پەقەتلا بىرەر دوستىغا ياكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ياردەم بېرىشقا ئۇرۇنىدۇ.

بىز بىراۋنىڭ باشقا بىرىگە ئېغىرچىلىق پەيتىدە ياردەم قىلىشى توغرىسىدا سۆز ئاچقىنىمىزدا، بەزىدە «ھەمدەردلىك» (Empathy)) سۆزىنى، بەزىدە «ھېسداشلىق» (Sympathy) سۆزىنى ئىشلىتىمىز. يەنى بۇ ئىككى سۆزنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىمىز. پسىخىكىلىق داۋالاش مۇتەخەسسىلىرى بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا چوڭ پەرق بولۇپلا قالماي، بىزنىڭ «ھەمدەرلىك»نى ئىپادىلەش شەكلىمىز بىلەن «ھېسداشلىق»نى ئىپادىلەش شەكلىمىزنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. تۆۋەندە بىز ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى بايان قىلىمىز. شۇنداقلا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن بىرىگە مۇئامىلە قىلغاندا ھەمدەردلىكنىڭ نېمە ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىنكاس شەكلى ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

**ھېسداشلىق ئايرىلىشقا سەۋەب بولىدۇ**

«The Merriam Webster» لۇغىتىدە «Sympathy» غا «بىراۋنىڭ غەم ـ قايغۇسى، قىيىنچىلىقى، بەختسىزلىكى قاتارلىقلار ئۈچۈن قايغۇرۇش، بىئارام بولۇش تۇيغۇسى» دەپ ئىنىقلىما بېرىلگەن. كۆپىنچە ھالدا ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىق ئوخشاش ئۇقۇم دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، ھېسداشلىق سىزنى كۆپلىگەن قىيىن ھاللاردا ھېسداشلىق توغرا ھېس ـ تۇيغۇ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ھېسداشلىق سىزنى قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

برېن بروۋن (Brene Brown) ھېسداشلىقتا ئۆز تۇيغۇلىرىمىزدىن ئۇزاق قىلىش ۋە مۇناسىۋىتىمىزنى پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋەت ھالىتىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىر يولى دەپ تەبىر بېرىدۇ. ھېسداشلىق كىشىنى قىيىنچىلىقتا قارشى كۆرەش قىلىۋاتقان كىشىنى چۈشىنىشتىن بەكراق ئۇنىڭغا باھا بېرىدىغان يەرگە چىقىرىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كىشى چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر ئەھۋالنى چۈشەنمەكچى بولىدۇ ياكى ئۇ خىل ئەھۋالغا ئۆز مەيدانىدا تۇرۇپ باھا بېرىدۇ.

كىشى ھېسداشلىق ھالىتىدە بولغاندا قارشى تەرەپكە پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىشى ياكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش نەرىزىدە قارىشى مۇمكىن. ھېسداشلىق ھالىتىدىكى كىشى قىيىن ئەھۋالدىكى كىشى بىلەن ئوخشاش شەكىلدىكى تىركىشىش ئىچىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە راھەت ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا قىيىن ئەھۋالدىن مەنبەلەنگەن ئېغىر ھېس ـ تۇيغۇلارغا ئېتىبار بەرمەيدۇ. قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشى قارشى تەرەپتىن ئۆزىگە قۇلاق سالغىنىنى ھېس قىلالمايدۇ.

بەزىدە ھېسداشلىق توغرا رەۋىشتىكى ئىنكاس قايتۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. سىز ياخشى تونۇمايدىغان بىرى مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلسە، سىز ئۇنىڭغا ھېسداشلىق كارتىسى «ئەۋەتىشىڭىز» مۇمكىن. ھېسداشلىق قىلغۇچى كىشى بىلەن ھېسداشلىقتا دۇچ كەلگەن كىشى بىلەن بەك يېقىنلاردىن بولمىسا، ھېسداشلىق كۆڭۈل بۆلگەنلىكنى كۆرسەتسىمۇ، بىراق ئۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئۇيغۇن رەۋىشتىكى ئىجتىمائىي مۇساپىنى ساقلايدۇ.

ھېسداشلىق ئىپادىلىرى مەيلى تونۇش بىرىگە بولسۇن، مەيلى بىر خىزمەتداشقا بولسۇن، شەخسىي مەسىلىگە بېرىلگەن ئىجتىمائىي ئىنكاستۇر. مۇناسىۋەت يېقىن بولمىغىنىدا، ھېسداشلىق ئۇيغۇن ئىنكاس ھېسابلىنىدۇ. بىراق، يېقىن دوستىمىز ياكى ئائىلە ئەزالىرىمىز ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئۇلارغا (ھېسداشلىق ئەمەس) ھەمدەردلىك كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

**ھەمدەردلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ**

ھەمدەردلىك — باشقىلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەمدەردلىك ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. ھەمدەردلىك — باشقىلارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىغا ئۇنىڭغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىۋالمىغان ئاساستا قۇلاق سېلىش ۋە ئۆزىنى باشقىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىلار قىيىن كۈنگە قالغاندا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇش راھەتسىز بىر تۇيغۇ بولۇشى مۇمكىن.

ھەمدەردلىك باشقىلارنى قانداق ئوڭشاشتىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئازابلىرىغا قۇلاق سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ قىيىن روھىي ھالەتلىرىنىڭ ۋە ھېسسىياتلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆزىنى ئۇلتۇرۇۋېلىش خەتىرىگە دۇچ كەلگەن كىشىلەر دائىملا يالغۇزلۇق (يېتىمسىراش) ھېس قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆز سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ھېچكىم ئۆزىنىڭ قىيىن ھالىتىنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. سىز ئۇلارغا ھەمدەردلىك كۆرسەتكىنىڭىزدە، بۇنداق قىلىشىڭىز ئۇلارنىڭ خاتا چۈشىنىلىۋاتىمەن، باشقىلار ئەھۋالىمنى بىلمەي تۇرۇپ ماڭا قارىسىغا ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇ، دېگەن تۇيغۇسىنى يېنىكلىتەلەيدۇ.

ھەمدەردلىكنى ئىپادىلەش بەزىدە ئۆز ھېس - تۇيغۇلىرىڭىز ئەكس ئەتكەن ئەينەككە قاراش دېمەكتۇر. ئۇ سىزدىن ھېچكىمنىڭ قىيىن ۋاقىتلاردىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە تېخىمۇ چوڭقۇرلىغىنىڭىزدا، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن ئۇنچە چوڭ پەرقلىق ئەمەسلىكىمىزنى ھېس قىلىسىز. بۇ ھېس قىلىش كىرزىس ئىچىدىكى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىڭىزگە بىلدۈرۈلىدۇ - دە، ئۇنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەمچى بولالىشى مۇمكىن.

يېقىنلىرىڭىزغا ھەمدەردلىك ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەكلىپ قىلىسىز. ئۇلار سىزنىڭمۇ ئۆز قىيىنچىلىقلىرىڭىز بارلىقىنى كۆرگەندە، ئۇلار سىزنى ئۆزى بىلەن باغلىنىشلىق ھېس قىلىدۇ. بۇ باغلىنىش ئۇلارنىڭ سىزگە ئىشىنىشىگە ۋە ھېس قىلىۋاتقانلىرىنى سىز بىلەن ئورتاقلىشىشىغا يول ئاچىدۇ. ھەمدەردلىك باغلىنىش ۋە چۈشىنىش پەيدا قىلىدۇ. باغلىنىش ۋە چۈشىنىش روھىي ساغلاملىق مەسىلىسىدە قىينىلىۋاتقانلارنى ئىشەنچلىك دوستلىرىدىن ياردەم ۋە قوللاش تەلەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

**ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىق ئارىسىدىكى پەرقلەر**

بىز ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ پەرقىنى بىلدۇق. ئەمدى بىز مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ھېسسىيات ئىپادىلىيەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ پەرقىنى مۇلاھىزە قىلىمىز. ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىقنىڭ پەرقى باشقا كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا ئىپادىلىنىدۇ.

ھەمدەردلىك بىزنىڭ بىراۋغا قانچىلىك كۆيۈنۈپ، ئۇنى قانچىلىك چۈشىنەلىشىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ.

ھېسداشلىق بولسا بىراۋغا ئېچىنىش تۇيغۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەمدەردلىك — باشقىلارنىڭ قانداق ھېس قىلغانلىقىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزنى كۆرسەتسە، ھېسداشلىق — ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كىشى بىلەن ئورتاق ھالغا چۈشۈپ قالمىغانلىقىمىز سەۋەبلىك يېنىكلىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ھەمدەردلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىمىزدا، بىراۋغا ئۆز ھېسسىياتىغا ۋە تۇيغۇلىرىغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى بېرىمىز. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىۋاتقانلىرىنى بىزمۇ ھېس قىلالايمىز، ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ بارلىق ھېسسىياتلىرى، ھەتتا سەلبىي تۇيغۇلىرى ئۈچۈنمۇ خەتەرسىز بوشلۇق بېرىمىز. (يەنى ئۇلارنى ئەيىپلەشتىن، ئەقىل ئۆگىتىشتىن ئۆزاق تۇرۇش ئارقىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا زەربە بەرمەيمىز.ـت) بىز ھېسداشلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، مەسىلە ھەل قىلىش ھالىتىگە ئۆتۈپ كېتىمىز. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ھېس قىلىۋاتقانلىقى ۋە نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزىمىزچە پىكىر ۋە ھۆكۈملىرىمىز بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى كىچىكلەشتۈرۈۋېتىش بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ھېسداشلىق بىزنىڭ نەپسىمىزدىن كېلىدۇ. ھېسداشلىق بىزنىڭ «قىلىشقا تېگىشلىك» دەپ قارىغان ۋەزىپىمىز بولۇپ، ھېسداشلىق كەيپىياتىدا بولغىنىمىزدا كۆپىنچە ھاللاردا باشقىلارغا قانداق قىلىش ياكى نېمىلەرنى قىلىش ھەققىدە ئەقىل ئۆگىتىمىز.

ھەمدەردلىك بولسا چىن يۈرەكتىن چىقىدۇ. ھەمدەردلىك — باشقىلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە قۇچاق ئېچىش، شۇنداقلا ئىنسانىي ئىنكاس قايتۇرۇشتۇر. ھەر بىر ئىنسان باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشقا ۋە چۈشىنىلىشكە مايىل بولىدۇ. دەل مۇشۇ ھەمدەردلىك، كەچۈرمىشلىرىنى ئېيتىۋاتقان ۋە تىڭشاۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپتە ئەنە شۇنداق ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ئۇرغىتىدۇ.

ھەمدەردلىك بىلەن ھېسداشلىق ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم پەرق شۇكى، ھەمدەردلىك ھەر قانداق پەيتكە ماس كېلىدىغان ياخشى تۇيغۇدۇر. مەيلى قانداقلا ئەھۋال بولمىسۇن، ھەمدەردلىك سىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. ھېسداشلىق پەقەت قىيىنچىلىق ۋە ئېغىر

كۆنلەردىلا ئېپادىلىنىدىغان بولسا، ھەمدەردلىك — بىز ھەر ۋاقىت نامايان قىلالايدىغان پوزىتسىيەدۇر.

### قىينچىلىقتا دۇچ كەلگەنلەرگە قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۆپ ھەمدەردلىك كۆرسىتەلەيمىز؟

ھەمدەردلىك — پەقەت بىر خىل ھېسسىياتتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ (كىشىگە ياكى مەسىلىگە) كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدىغان ئەمەلىي قەدەملەردۇر. ئەمما، بىز باشقىلارغا قانداق قىلىپ ھەمدەردلىك كۆرسىتەلەيمىز؟ يېقىن - يورۇقلىرىمىز قايغۇ - ھەسرەت ياكى قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغاندا، بىز ئۇلارغا قانداق ھەمدەم بولۇشىمىز كېرەك؟

خۇددى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ بەلگىلەنگەن ئۇسۇلى بولمىغىنىدەك، ھەمدەردلىك كۆرسىتىشنىڭمۇ بەلگىلەنگەن، مۇقىم ئۇسۇلى يوق. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ھەر قانداق ئەھۋالدا باشقىلار ئۈچۈن ھەمدەردلىك بوشلۇقى يارىتىپ بېرەلەيدىغان ئاددىي ھەرىكەتلەردۇر.

تۆۋەندىكىلەر «روھىي ساغلاملىق تۇنجى ياردىمى» (Mental Health First Aid) تەمىنلىگەن، ھەمدەردلىك كۆرسىتىشكە ئائىت بەزى مەسلىھەتلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قارشى تەرەپنى قانداق تىڭشايدىغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

### ھۆكۈم قىلماي تىڭشاش

ھەمدەردلىك — تىڭشاشنى، يەنى قارشى تەرەپنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «زەن قويۇپ تىڭشاش»نى تەلەپ قىلىدۇ. ياردەمگە مۇھتاج كىشى ياردەم سورىغان پەيتتە، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ھېس قىلىۋاتقانلىقى ۋە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن رىشتە ھاسىل قىلىش — ئىنتايىن مۇھىم ھەمدەردلىك ماھارىتىدۇر.

### زەن قويۇپ تىڭشاش

«زەن قويۇپ تىڭشاش» دېگىنىمىز، سىزنىڭ پۈتۈن دىققىتىڭىزنىڭ قارشى تەرەپتە بولۇشى دېمەكتۇر. سىز ئۇلارغا يۈزلىنىپ، قوللىرىڭىزنى تىنچ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرىسىز. تېلفون، تېلېۋىزور ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىڭىزنى بۆلۈۋېتىشىگە يول قويمايسىز.

### ئەقىل ئۆگەتمەي تىڭشاش

ئۇلارغا نېمە قىلىش ياكى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىچىنى تۆكۈش ھوقۇقىنى تارتىۋالماڭ. ئۇلار سۆزلىسۇن ۋە ئۆز يەكۈنىنى ئۆزى چىقارسۇن. ئەگەر ئۇلار سىزدىن مەسلىھەت سورىسا، ئاۋۋال ئۇلاردىن «سىز قانداق قىلىش كېرەك دەپ ئويلايسىز؟» دەپ سوراڭ. بۇنداق قىلىش، ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ تامامەن ئامالسىز ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆز مەسىلىسىنىڭ چارىسىنى ئۆزى تاپالايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

### چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ تىڭشاش

ھەتتا سىز قوشۇلمىغان ياكى چۈشەنمىگەن تەقدىردىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ ھېسسىياتىنى ئېتراپ قىلىڭ ۋە تەستىقلاڭ. ئۇ كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزئارا ئىشەنچ تۇرغۇزۇڭ. ئۇلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىشىغا يول قويۇڭ. ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى تەكلىپلەرگە ئەمەل قىلسىڭىز، بۇ جەرياندا سىز ئۈچۈن ھەرگىزمۇ قىيىن بولمايدۇ.

### سىردىشىش ھالىتىدە تىڭشاش

ئەگەر سىزدە دەردىنى تۆكۈۋاتقان كىشىنىڭكىگە ئوخشاش كەچۈرمىشلەر بولسا، ئۆز كەچۈرمىشىڭىزنى ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىپ بېقىشنى ئويلاپ كۆرۈڭ. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلسۇن ئۈچۈن، ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ سىزگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

باشقىلارنىڭ ئازابىغا نىسبەتەن ئۆزىمىزدە ھەمدەردلىك تۇيغۇسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇزۇلۇپ قالغان رىشتىلەرنى ئاستا - ئاستا قايتا ئۇلاپ، مەۋجۇت مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىيەلەيمىز. مەدەتكار بولۇش، چۈشىنىش ۋە كۆيۈمچانلىق — ياش-قېرى دېمەستىن، بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان غەمخورلۇقنىڭ ئۇل تېشىدۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.psychmc.com/empathy-vs-sympathy/

# فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر

ئەركىن سىدىق



# فىنلاندىيە مۇستەقىللىقىدىن ئۇيغۇرلارغا نەزەر

ئەركىن سىدىق

فىنلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش جەريانى ئۇيغۇرلارغا بىر قىسىم قىممەتلىك ساۋاقلارنى بېرىدۇ . 1809 ـ يىلى شىۋېتسىيە رۇسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، «خامىنا كېلىشىمى» (Treaty of Hamina) گە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىۋېتسىيە فىنلاندىيە زېمىنىنى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىگە كېسىپ بېرىشكە مەجبۇر بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ فىنلاندىيە رۇسىيەنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئاپتونوم رايون سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردۇ. گەرچە فىنلاندىيەنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى، قانۇنلىرى ۋە مەمۇرىي سىستېمىسى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇپ، تاشقى ئىشلار ۋە ھەربىي جەھەتتە رۇسىيەگە بېقىندى بولدۇ.

فىنلاندىيە 1900 ـ يىللىرىغا كەلگەندە رۇسىيە ئىمپېرىيەسى زېمىنىنىڭ بىر چېگرا رايونى بولۇش سالاھىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، زامانىۋى ۋە ئىلغار رايونغا ئايلىنىدۇ. ئاقىۋەتتە 1917 ـ يىلى 6 ـ دېكابىردا رۇسىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولدۇ.

فىنلاندىيە خەلقىنىڭ رۇسلار قولىدىن قۇتۇلۇشتىكى بىر قىسىم تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى رۇسىيەلىك پوپ، ژۇرنالىست ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى گرىگورىي پېتروۋ (Grigory Petrov, 1866 – 1925) ئۆزىنىڭ 1909 ـ يىلى رۇس تىلىدا نەشر قىلغان «ئاق لەيلى دۆلىتى» دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان. ئۇ يەكۈنلىگەن ئاساسلىق تەجربە ـ ساۋاقلار فىنلاندىيەنىڭ مىللىي ئويغىنىشى، ئۇنىۋېرسال مائارىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېتروۋ ئەپەندى كىتابىدا فىنلاندىيەنىڭ قانداق قىلىپ كوللېكتىپ تىرىشچانلىق، مەدەنىيەت ئېپتىخارى ۋە مىللىي قىممەت ـ قارىشىغا تايىنىپ يەكلەنگەن، ئېزىلگەن بىر مىللەتتىن تەرەققىي قىلىپ كۈچلۈك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ كىتاب فىنلاندىيەنى كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاساسىي قاتلام تەرەققىياتىنىڭ رولى ۋە مىللىي كىملىكنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ كىتاب باشقا كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، 1928-يىلى ئۇنىڭ تۈركچىسىمۇ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيەلەر دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈركىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمۇ بار.

تۈرك تەتقىقاتچى يەسىمىن باۋبەك بىلەن يەنە بىر تەتقىقاتچى كورخونەن (N. Yasemin Bavbek, Juho Topias Korhonen) 2024-يىلى «جەمئىيەت ۋە تارىخ ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار» (Comparative Studies in Society and History) دېگەن ژۇرنالدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، مۇنداق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۈركىيە مىللەتچىلىرى پېترووۋ ئەپەندىنىڭ «ئاق لەيلى دۆلىتى» دېگەن كىتابىدىن زور ئىلھام ئالدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدىن كېيىنكى بىر زامانىۋى دۆلەتنى بەرپا قىلماقچى بولغان تۈرك زىيالىيلىرى كىتابنىڭ ئاساسلىق ئىدىيەلىرىنى ئۆزلىرىگە تەدبىقلاپ، كامالىزىمچىلارنىڭ زامانىۋىلىشىش ۋە مىللىي كىملىك ئىدىيەلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. پېترووۋنىڭ كىتابى غەربلىكلەرگە تەۋە بولمىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تۈركىيەنىڭ سېكۇلار (secular) مىللەتچىلىك نىشانىغا ماس كېلىدىغان كوللېكتىۋىزم ۋە مىللىي ئىنتىزامنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ كىتاب تۈركىيەدىكى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە يېڭى ئاممىۋى پىكىرلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، تۈركىيەنىڭ ئىمپېرىيە چەمبىرىكىدىن ھالقىغان بىر يېڭى دۆلەت قۇرۇش تىرىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

خىتاي كومپارتىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دىكتاتورلۇق كونتروللۇقى، يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەتچى ۋە دۇنياۋى تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى فىنلاندىيەنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس بولغاچقا، ئۇيغۇرلار كۈچىنى پۇتۇنلەي دىئاسپورادىكى ھەرىكەتلەر ۋە خەلقئارالىق لوبىيچىلىققا مەركەزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. فىنلاندىيەنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئەندىزىسى — ئۇيغۇرلارنى ئۆز كىملىكىنى كۈچەيتىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالالايدىغان بىر كېلەچەكنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى ئۈچۈن ئۈمىدۋار ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەشۇنداق پرىنسىپلارنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئۆز سىياسىي داۋاسىنى قاتتىق باستۇرۇشقا باش ئەگمەي داۋاملاشتۇرالايدىغان پارلاق مەدەنىيەت ۋە يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن مىللىي كىملىك ئۈچۈن ئاساس يارىتالايدۇ.

پېترووۋنىڭ كىتابى بىلەن باۋبەك - كورخونەننىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى دىياسپورادىكى ئۇيغۇر سىياسىي

دەۋاسىغا تەتبىقلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك يېتەكچى ئىدىيەلەرگە ئېرىشەلەيمىز. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە بايان قىلىنىدىغان بىر قىسىم ئىشلارنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئوخشاش بىر قىسىم تەشكىلاتلار ۋە كۆپلىگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ئىزچىل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

1. چېگرا رايوندا دۆلەت قۇرۇش

پېتروۋنىڭ «ئاق لەيلى دۆلىتى» دېگەن كىتابى فىنلاندىيەنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت بىرلىكى ۋە ئىقتىسادتا ئۆز-ئۆزىنى قامداش ئارقىلىق رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر چېگرا رايونى بولۇشتىن ھالقىپ ئىتتىپاقلاشقان، زامانىۋى دۆلەتكە ئايلىنىشىنى تەسۋىرلەيدۇ. ماقالىدە تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ بۇ مودېلنى قانداق قىلىپ ئۆز مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇپ، مىللىي كىملىك ۋە تەرەققىيات ئېڭىنى يېتىلدۈرگەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت باستۇرۇشلىرى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن ۋە چەتكە قېقىلغان مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، فىنلاندىيەدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئاساسىي قاتلام ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇش ياكى دۆلىتىنى ئازاد قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. مائارىپ ، تىل، ئەنئەنە ۋە مەدەنىيەتنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، دىياسپورادا ياشاۋاتقان ۋە باستۇرۇلۇۋاتقان شارائىت ئاستىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ مىللىي كىملىكىنى كۈچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدە ئۆز ۋەتىنىنى خىتاي كومپارتىيە مۇستەملىكچىلىرى قولىدىن ئازاد قىلىشقا ئاساس سېلىشى لازىم.

2. چېگرا ھالقىغان ئىلھام ۋە ماسلىشىش

ماقالىدە تۈرك زىيالىيلىرىنىڭ پېتروۋنىڭ ئىدىيەسىنى قانداق شەكىلدە تاللىغانلىقى، خىرىستىيان چۈشەنچىسىگە ئوخشاش ئۆزلىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئېلېمېنتلارنى چىقىرىۋېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىك نىشانىغا ماس كېلىدىغان چەتئەل چۈشەنچىلىرىنى قايتىدىن شەرھلىگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بۇ دۆلەت قۇرۇشتا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە قەۋملەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىم رولىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ دۇنياۋى چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ماسلاشتۇرۇشى لازىم. ئۇيغۇرلار ئۆز داۋاسىنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتەك ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ

مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ھەققىدە خەلقئارا جامائەتكە مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك.

3. مائارىپتىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى سۈپىتىدە پايدىلىنىش

پېترووۋ ئۆز كىتابىدا مائارىپنى فىنلاندىيە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، دەپ تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ ئىدىيەنى تۈرك ئىسلاھاتچىلار بىر ئىنتېزامچان ۋە زامانىۋىي دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان. ماقالىدە ئاشۇ ئىدىيەنىڭ تۈركىيە مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىرىلىشىدىكى رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

خىتاي كومپارتىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە چەكلىمە قويىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يەر ئاستى مەكتەپلەر، دىئاسپورا مائارىپ پروگراممىلىرى ۋە ئىنتېرنېت كۇرسلىرىغا ئوخشاش تەدبىرلەرگە تايانغان مائارىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن تارىخىنى ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ياش ئەۋلادلىرىغا ئۆز مىراسلىرى ۋە ئۆز ھوقۇقلىرى ھەققىدە بىلىم بېرىش ئارقىلىق ئۇلاردا خىتاينىڭ مىللىي يوقىتىش سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ لىدېرلىرى بولۇشقا تەييارلىغىلى بولىدۇ.

4. ئۇنىۋېرسال پرىنسىپلار ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش

ماقالىدە ئاق لەيلى دۆلىتى تۈرك سەرخىللىرىغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبى فىنلاندىيەنىڭ تۇتقان يولى تەرەققىياتنىڭ ئۇنىۋېرسال مودېلىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ يولنىڭ تەسىرى ئاللىقاچان فىنلاندىيە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، مۇشۇ نۇقتا تۈركىيەنىڭ دۇنيا زىيالىيلار چەمبىرەكلىرى ئىچىدە نوپۇزغا ئېرىشىشىگە زور ياردەم قىلغان.

ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر پېترووۋنىڭ بىر كىچىك مىللەتنىڭ قانداق قىلىپ مۇستەقىللىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيا جامائىتى ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان چۈشەنچىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدۇ. ئۇيغۇر داۋاسىنى ئەركىنلىك، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى ئۇنىۋېرسال پرىنسىپلارغا ماس كېلىدىغان

كۆرەش ئىكەنلىكى شەكلىدە تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇرلار چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە ھەر خىل دىئاسپورالارنىڭ ياردىمىنى ئۆزگە جەلپ قىلىپ، خەلقئارا جامائەتكە بىلدۈرۈش ۋە خەلقئارا جامائەتنىڭ جازالىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئارقىلىق خىتايغا بېسىم ئىشلىتەلەيدۇ.

5. تەرەققىيات ھەققىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسەۋۋۇر (Vision)

ماقالىدە پېتروۋنىڭ ئىنتىزامچان، كوللېكتىۋىزملىق تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ نەچچە ئون يىل جەريانىدا تۈركىيە سىياسىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تەكىتلەنگەن. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇسۇل تۈركىيەنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئۆرۈلگەندىن كېيىنكى مىللىي كىملىك بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا زور دەرىجىدە ياردەم قىلدى.

ئۇيغۇرلار دىققىتىنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرالايدىغان تەرەققىيات، مۇستەقىل ئىقتىسادىي كۈچى ۋە مەدەنىيەتتىكى گۈللىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەتىنىنى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش ھەققىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەقلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدۇ. ھازىرقىدەك زۇلۇم ئاستىدىمۇ كەلگۈسىدىكى دېموكراتىك ئىنستىتۇتلار، ئىقتىسادىي مودېللار ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدە پىلان تۈزۈش دىئاسپورادىكى ئۇيغۇر ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ ۋە ئۇلاردا ئۈمىد پەيدا قىلالايدۇ. خۇددى فىنلاندىيەدە ئىسپاتلانغىنىدەك، بۇنداق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان تەرەققىيات ياكى ئىلگىرىلەشنىڭ دەرىجىسى تەدرىجىي ئۆسۈپ ماڭىدۇ.

— 2025-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى

تۈگۈنلەر ۋە پىشىملەر



# سۆزلىرىمىز ئارقىلىق قانداق دۇنيا ياراتىمىز:
# چارلى كىرك ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تود گرىن

# سۆزلىرىمىز ئارقىلىق قانداق دۇنيا يارىتىمىز: چارلى كىرك ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تود گرىن

«سۆزلىرىمىز دۇنيانى يارىتىدۇ.»

ئابراھام جوشۇئا ھېشىل (Abraham Joshua Heschel) بۇ سۆزلەرنى يەھۇدى قىرغىنچىلىقىنىڭ دەھشەتلىرىنىڭ زەھەرلىك گاز كامېرلىرىدىن ئەمەس، بەلكى رېتورىكادىن (يەنى نۇتۇق ۋە تەشۋىقاتتىن) باشلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش يۈزىسىدىن ئېيتقان ئىدى. مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىنىڭ كۆچلۈك سۆزلەر ئارقىلىق يەھۇدىلارنى ئالۋاستىلاشتۇرۇش تەشۋىقاتى، يەھۇدىيلارنى ئىرقچىل تۈردە گېرمانىيە مىللىتىنىڭ دۈشمىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت دېگەن كۆز قاراشنى بەرپا قىلغان ئىدى. ئەگەر مانا شۇنداق ئىدىيىۋى دۇنيا يارىتىلمىغان بولسا، «ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى»نىڭ، يەنى قىرغىنچىلىققا كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ سېلىنىشى ياكى قوبۇل قىلىنىشى ئەمەلگە ئاشمىغان بولاتتى.

## كىرك ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق قانداق دۇنيا ياراتتى؟

چارلى كىرك (Charlie Kirk) ۋەھشىيلەرچە قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، مەن ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇنداق دەپ سورىدىم: كىرك ئۆز سۆزلىرى بىلەن قانداق دۇنيا ياراتتى؟ ئۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان سىياسىي قاراشتىكى ياكى دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەر ھەققىدە ئىنسانىيلاشقان دۇنيا ياراتتىمۇ ياكى ئۇلارنى ئىنسانلىقتىن چىقىرىۋېتىدىغان دۇنيامۇ؟ ئۇ ئامېرىكىنىڭ كۆپ خىللىققا ئىگە دېموكراتىيىسىگە زىيان سالىدىغان دۇنيا ياراتتىمۇ ياكى ئۇنىڭغا پايدىلىق دۇنيانىمۇ؟

ئەزرا كلېين (Ezra Klein) نىڭ قارىشىچە، گەرچە سىياسىي جەھەتتە ئىختىلاپلىرى بولسىمۇ، كىرك «مەكتەپ هويلىلىرىغا بېرىپ، ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىغان ھەرقانداق كىشى بىلەن سۆزلىشىش» ئارقىلىق «سىياسەت بىلەن توغرا رەۋىشتە شۇغۇللىنىش» نىڭ ئۈلگىسى بولغان. كلېين كىرك ھەققىدە، ئۇنى «ماھىر قايىل قىلغۇچى» ۋە «ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە مەبلەغ سالغۇچى» دەپ تەرىپلەيدۇ. كلېيننىڭ ماقالىسىدىن چىقىدىغان يەكۈن شۇكى، كىرك پەرقلىق قاراشلار ئارىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە نورمال ھالەتكە ئايلانغان بىر دۇنيانى بەرپا قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى.

مەن كلېيننىڭ كىركنى ماختاش ئىستىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئۈچۈن ئىككى ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلدىم. مېنىڭچە كلېين بۇ قېتىملىق دەھشەتلىك پاجىئەدىن ئازابلىنىۋاتقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئارزۇ-ئارمانلىرى ھەم ئېتىقادلىرىنى ئىپادىلىگەن بىر شەخسنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇرۇۋاتقان ئامېرىكىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا زەيتۇن شېخى (يەنى تىنچلىق، ھېسداشلىق) سۇنۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ. كلېين نۇرغۇنلىغان سولچى كىشىلەر قىلىشقا قىينىلىۋاتقان بىر ئىشنى، يەنى كونسىرۋاتىپ خرىستىيان ئامېرىكىلىقلار ئارىسىدىكى ئازاب ۋە قايغۇنى ئېتىراپ قىلىش يولىدا بولۇۋاتىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا كلېيننىڭ كىرك ھەققىدىكى ئومۇمىي يەكۈنى دەل جايىغا چۈشمىگەن دەپ قارايمەن. كلېيننىڭ كىرك ھەققىدىكى قارىشى، كىركنىڭ ئۆزى بىلەن دىنىي ۋە سىياسىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغانلارغا قاراتقان سۆزى ۋە ھەرىكىتىنىڭ رېئاللىقىدىن خېلىلا يىراقتەك تۇيۇلىدۇ.

## كۆپ خىللىق — پەقەت بىز ياقتۇرىدىغان پەرقلىقلەرلا ئەمەس

«ئامېرىكا دىنلار ئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتى»دا بىز دائىم «كۆپ خىللىق — پەقەت بىز ياقتۇرىدىغان پەرقلىقلەرلا ئەمەس» دەيمىز. مەن بۇ جۈملىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان ئىدىيەلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇ سۆزنى دائىم ئىشلىتىمەن. بۇنىڭ مېنى جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ دىنلار ئارا خىزمەتنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى دەپ قارىغان پرىنسىپىم بىلەن بىردەك كېلىدۇ. يەنى دۇنيا قارىشى بىزنىڭكىدىن پەرقلىق كىشىلەر بىلەن ئىجابىي

ۋە رەھىمدىللىك بىلەن ئالاقە قىلىش؛ ئىمكانىيەت بولغان يەردە كۆۋرۈك سېلىش ۋە بۆلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆزگىچە كىملىكىمىزدىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ قىلىش پىرىنسىپىمدۇر.

شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ كىرك ھەققىدىكى (بەلكىم تالاش-تارتىشلىق بولۇشى مۇمكىن) قارىشىم شۇكى: ئۇ كۆۋرۈك سالغۇچى ئەمەس ئىدى. ئۇ پەرقلىق توپلار بىلەن ھەمكارلاشمىدى. ئۆزى ياقتۇرمايدىغان پەرقلەرگە دۇچ كەلگەندە ھېسداشلىق، رەھىمدىللىك ياكى قىزىقىش بىلەن ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز سۆزلىرىنى بۇ پەرقلەرگە ۋە ئۇنى ئىپادىلىگەن كىشىلەرگە قارىتا نەپرەت ۋە مەنسىتمەسلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتتى.

ئىككى مىسالنى ئالايلى: ئافرىقىلىق ئامېرىكىلىقلارغا كەلسەك، كىرك ئاشكارا ھالدا قارا تەنلىك ئۇچقۇچىنىڭ سودا ئايروپىلانىنى ھەيدەشكە يېتەرلىك سالاھىيىتى بار - يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇ قارا تەنلىك ئاياللارنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ خىزمىتى ۋە رەھبەرلىك ئورنىنى ئوغرىلىدى دەپ مەسخىرە قىلغان ئىدى. ئۇ ئاق تەنلىكلەر ياشايدىغان ئامېرىكا يېزىلىرىنى باشقا ئىرق، دىن ۋە مىللەتلەرگە ئالماشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن «بۈيۈك ئالماشتۇرۇش» (Great Replacement) ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى. دۆلەتكە ۋەيران قىلغۇچى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئاق تەنلىكلەرگە قارشى بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. ئۇ 1964-يىلىدىكى «پۇقرالار ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ ماقۇللانغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ قانۇننىڭ دۆلەتكە ۋەيران قىلغۇچى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە ئاق تەنلىكلەرگە قارشى بىر قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

ئۇ مۇسۇلمانلار مەسىلىسىدە لىبېراللارنىڭ ئىسلامدىن پايدىلىنىپ «ئامېرىكىنىڭ بوغۇزىنى كېسىش» ئۈچۈن ئىسلامنى بىر قىلىچ قىلىۋالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ئۇ نيۇيورك شەھەر باشلىقى نامزاتى زوھران مەمدانىنى «زىيانكەشلىككە تولغان بىر كۈچ» دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدە بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان كۈچلەر بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى تەھدىت دەپ قارىدى. ئۇ «ئىسلام غەرب مەدەنىيىتى بىلەن سىغىشالمايدۇ» دەپ جار سالدى ۋە ئىسلامنىڭ «بىزنى ھەربىي ۋە نوپۇس جەھەتتىن بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى»نى تەكىتلىدى.

ئۇنىڭ نەزەرىدە «باش ئاغرىقى» دەپ قارالغان ياكى ھۆرمەتكە ۋە دېموكراتىيەمىزدە تولۇق ئورۇن ئېلىشقا لايىق ئەمەس دەپ ھېسابلانغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ساناپ تۈگەتكۈسىز: تەرەققىيپەرۋەر يەھۇدىيلار، پەرزەنتسىز ئاياللار، LGBTQ (جىنسىي ئاز سانلىقلار) جامائىتى ۋە كۆچمەنلەر...

كىرىك ئۆزى ياقتۇرمايدىغان پەرقلىق پىكىر ياكى كىشىلەرگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق قانداق دۇنيا بەرپا قىلدى؟ بۇ بىز مەدەنىي مۇنازىرە قىلىشنىڭ ۋە سىياسەت بىلەن «توغرا رەۋىشتە» شۇغۇللىنىشنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تەرغىب قىلىشنى خالايدىغان دۇنيامۇ؟ بۇ «Interfaith America» (ئامېرىكا دىنلار ئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتى) ئۆز سۆزلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋاتقان دۇنيامۇ؟ مەن ھەرگىز ئۇنداق بولمىغانلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مەن سۆزلىرىم ئارقىلىق قانداق دۇنيا ياراتتىم؟

شۇنداق بولسىمۇ، كىرىكنىڭ ئۆلۈمى مېنى ئۆزۈمنىڭ دىنلار ئارا مۇناسىۋەت ساھەسىدىكى ئىزلىرىمغا، جۈملىدىن مەن يىللاردىن بېرى سۆزلىگەن نۇرغۇنلىغان لېكسىيە ۋە ئۆزۈم شۇغۇللانغان ئىلمىي تەتقىقاتلىرىمغا تېخىمۇ چوڭقۇر نەزەر سېلىشقا (مۇلاھىزە قىلىشقا) ئۈندىدى. مەن سۆزلىرىم ئارقىلىق قانداق دۇنيا ياراتتىم؟

ئىسلاموفوبىيەگە قارشى تۇرۇش ۋە دىنىي پەرقلەر ئارىسىدا كۆۋرۈك سېلىشقا بەل باغلىغان بىر ئالىم ۋە جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆڭلىرىم ياخشى ئۆتكەن چاغلاردا ھېسداشلىق، رەھىمدىللىك ۋە ھۆرمەتكە تولغان دۇنيا بەرپا قىلدىم دەپ قارايمەن. ئەمما ھەممە كۈنلىرىم ياخشى بولۇۋەرمىدى. مەن بەزىدە ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان پەرقلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئازابى ۋە قايغۇسىنى ھېس قىلالاشتا قىينالدىم. ھەمىشە ھېسداشلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىۋەرمىدىم. ھەتتا ئېسىمدە باركى، ئاممىۋىي لېكسىيەلىرىمدە بىر قانچە قېتىم تاماشىبىنلار ئىچىدىن بىرسى مېنىڭچە ئىنتايىن ئىسلاموفوبىك (ئىسلامغا ئۆچمەنلىك) تۈسىنى ئالغان سوئال سورىغاندا ياكى پىكىر قىلغاندا، مەن سەھنىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى كەمسىتتىم، ھەتتا مەسخىرە قىلدىم. بەزىدە بۇ قىلمىشىم ئۈچۈن گۈلدۈراس ئالقىشلارغا ئېرىشتىم. مېنىڭ ئەڭ ناچار پەيتلىرىمدە، ئىجابىي دىئالوگنىڭ ئورنىنى ئەرزىمەس بىر «ئويۇن» ئىگىلىۋالدى. مەن بۇنىڭدىن پەخىرلەنمەيمەن.

«ئەركىن مەتبۇئات» (The Free Press) تورىدىكى كىرىكنىڭ سۆز ئەركىنلىكىگە بولغان ئىرادىسى ھەققىدە يېزىلغان بىر تەھرىرات ماقالىسىدە: «مەن چارلى» (Je suis Charlie) دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇ يەنە 2015-يىلى پارىژدىكى «چارلى ھېبدو» (Charlie Hebdo) ژۇرنىلىنىڭ ئىشخانىسىدا يۈز بەرگەن، سۆز ئەركىنلىكىمۇ ئەقلىگە سىغمايدىغان زوراۋانلىقنىڭ نىشانىغا ئايلانغان دەھشەتلىك تېررورلۇق ھۇجۇملىرىغا بولغان بىر ھۆرمەت (ئەسلەش) ئىدى. بۇ جۈملە مەندىمۇ ئورتاقلىق تۇيغۇسى

ئويغاتتى. مەنمۇ شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «چارلى». يەنى، مەن ئۆز سۆزلىرىمنى ھەمىشە ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان پەرقلەرگە ئورۇن قالدۇرىدىغان دۇنيالارنى يارىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەتمەدىم.

مېنىڭ كىركنىڭ مۇخلىسى ئەمەسلىكىم ئېنىق ئىدى. ئوچۇق ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ «ئامېرىكا دىنلار ئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتى» دىكى خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى دەپ قارايمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن لىبېراللارنىڭ كىركقا قارشى دولقۇنىغا ئەگىشىپ كېتىپ، گوياكى دۆلىتىمىزنى غەرق قىلىۋاتقان قۇتۇپلىشىشقا (بۆلۈنۈشكە) سەۋەب بولىدىغان تەشۋىقات سۆزلىرىگە ئۆزۈمنىڭمۇ بەزىدە ھەسسە قوشۇپ قالغانلىقىمنى كۆرمەسكە سالالمايمەن.

مەن كىركنىڭ ھاياتىنىڭ مۇشۇنداق زوراۋان ۋە پاجىئەلىك رەۋىشتە تارتىۋېلىنغانلىقىدىن نەپرەتلىنىمەن. مەن شۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىرگە كەلگۈسىمۇ ئۆلدى. كىم بىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، بەلكىم كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ تەشۋىقات سۆزلىرى ھەققىدە ۋە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان پەرقلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە قايتا ئويلانغان بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۆلۈمى مېنى «ئامېرىكا دىنلار ئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قانداق بىر دۇنيانى يارىتىشنى خالايدىغانلىقىم ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندىمەكتە. ئۇنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ شۇنداق بىر دۇنياغا بولغان ئىرادەمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردىكى، ئۇ دۇنيا بىز ياقتۇرمايدىغان پەرقلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ پەرقلەرنى كۆۋرۈك ئورنىتىشنىڭ، شۇنداقلا دىنىي ياكى سىياسىي ئېتىقادى بىزنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيلىقى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر باغلىنىشنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلىدۇ. بۇ دەل مەن ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان دۇنيا. بۇ دەل مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ياشىشىنى خالايدىغان دۇنيا. بۇ دەل مەن چارلى كىركنىڭمۇ ياشىشىنى ئارزۇ قىلغان دۇنيا ئىدى. بۇ دەل مەن «ئامېرىكا دىنلار ئارا ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ يارىتىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە بىلەن داۋاملىق تىرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغان دۇنيادۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.interfaithamerica.org/article/worlds-with-our-words-charlie-kirk/

# ئۆزبېكىستان سەپىرىدىن خاتىرىلەر



مەمەت ئىمىن دوختۇر

# ئۆزبېكىستان سەپىرىمدىن خاتىرىلەر

مەمەت ئىمىن دوختۇر

ئىككى يىلدىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم 2025- يىلى 9 - ئايدا ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. مەن بىر ئامېرىكا پۇقراسى ۋە ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزبېكىستان ساياھىتىم جەريانىدا كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن ئۆز تەسىراتلىرىمنى يېزىپ، دوستلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتىمەن.

## ئەندىشىگە تولغان ئۆزبېكىستان سەپىرىم

بەلكىم ئۆزبېكىستاننىڭ خىتاي بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى ۋە ھەممىگە مەلۇم ھۆسەنجان جېلىل ۋەقەسىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، مەن ئۆزبېكىستانغا زىيارەت قىلىش خىيالىغا كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدىكى ئەندىشە مېنى ئارىسالدى قىلىپ قويغان ۋە بىئارام قىلىپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆزبېكىستانغا بېرىش پىلانىمنى بەزى دوستلار بىلەن ئورتاقلاشقىنىمدا، ئۇلارنىڭ ماڭا كۆيۈنۈپ، مېنى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى مېنىڭ ئەسلىدىكى ئەندىشەمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. گەرچە «مەن ھېچ بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ئىش قىلمىغان تۇرسام، ياكى مەن بەك مەشھۇر بىر ئادەم بولمىسام، ئۆزبېكىستان مىنى تۇتۇپ نېمە قىلاتتى» دەپ ئۆز ئۆزۈمگە تەسەللى بەرسەممۇ، ئەمما بۇ ئەندىشە كاللامنى چىرمىۋالغان ئىدى. ئاخىردا مەن بۇ ئەندىشە ۋە قورقۇنچ بىلەن يۈزلەشمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم ۋە ئىككى يىلدىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ پىلانىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇردۇم. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ھەر ئېھتىماللىققا قارشى، بارلىق سەپەر پىلانىمنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تور بېتىدە تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ قېتىمقى سەپىرىمدىن خەۋەردار قىلدىم.

ئاخىرى 8- ئاينىڭ 31- كۈنى تۈركىيە ھاۋا يوللىرىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتىم ۋە 9- ئاينىڭ 1-كۈنى تاشكەنت ۋاقتى چۈشتىن كېيىن ساق سالامەت تاشكەنت خەلقئارا ئايدۇرۇمغا يېتىپ باردىم.

## ئۆزبېكىستان چېگرىسىدىن كىرىش

ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى 55 ياشتىن ئاشقان ئامېرىكا پۇقرالىرىدىن ۋىزا ئالمايدىغان بولغاچقا، مەن ئۆزبېكىستان ۋىزاسىغا ئىلتىماس قىلمىغان ئىدىم. تاشكەنت ئايدۇرۇمدا ئۆزبېكىستان چېگرىسىدىن كىرگەندە، تاموژنا خادىمى مەندىن ئېنگىلىزچە «ۋىزىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن «55 ياشتىن يۇقىرى ئامېرىكا ۋەتەندىشىغا ۋىزا تەلەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋىزا ئالمىدىم» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن تاموژنا خادىمى «خۇش كەلدىڭىز» دەپ پاسپورتۇمغا تامغا بېسىپ بەردى. تاموژنىدا سورىغىنى شۇ بىر جۈملە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ھېچ نەرسە سورىمىدى. چامادانلىرىمدا نېمە بار، ھېچكىم قاراپمۇ قويمىدى. ئويلىغىنىمدىن كۆپ ئاسان ۋە تېز چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئۆزبېكىستان زېمىنىغا رەسمىي قەدەم قويدۇم. ئايرودرومدا ئالتە دوللارغا ئۆزبېكىستاننىڭ تېلفۇن نومۇرىغا قوشۇپ 60 گىگا بايت تور سېتىۋالدىم.

ئايرودرومدىن چىقىپ مېنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن دوستۇمنىڭ ياردەمچىسى بىلەن توردىن ئالدىن زاكاس قىلىپ قويغان ئۆزبېكىستان مېھمانخانىسىغا يېتىپ باردىم. مېھمانخانىغا كىرىپ، يۇيۇنۇپ، كىيىم ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان ساياھىتىمنى باشلىۋەتتىم.

## ئۆزبېكىستاننىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلارغا ئەڭ تونۇش دۆلەت بولۇپ، 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن مۇستەقىل بولغان. ئۆزبېكىستاننىڭ يەر كۆلىمى بىزنىڭ ۋەتەنىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن سەل چوڭراق بولۇپ، 37.8 مىليون نوپۇسى بار. ئۇلارنىڭ 85% ئۆزبەك بولۇپ، ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئۆزبېكىستاندا گەرچە مەش مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۆزبېكىستاننىڭ رەسمىي مىللەت قۇرۇلمىسىدا ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت يوق ئىكەن. بەلكىم ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر بەك يېقىن بولغاچقا، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزبەك دەپ قارىغان بولسا كېرەك. ئەمىلىيەتتىمۇ مەيلى قانداشلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە بولسۇن ياكى تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە بولسۇن، ئۆزبەكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىگە ئەڭ يېقىن تۈركىي مىللەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستاننىڭ 2024ـ يىللىق ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 115 مىليارد دوللار بولۇپ، ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % 6.5 ئاشقان. بۇ ئېشىش 27 مىليارد دوللارلىق ئېكسپورت ۋە چەتئەل مەبلىغىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى بىلەن بىللە، كانچىلىق، نېفت، تەبىئىي گاز ۋە دېھقانچىلىق ساھەلىرىدىكى كۈچلۈك ئېپادىسىنىڭ تۆرتكىسىدە بولغان ئىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۆزبېكىستاننىڭ ساياھەت كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئېشىۋاتقان بولۇپ، 2023ـ يىلى تەخمىنەن 5 مىليارد 200 مىليون ساياھەتچى ئۆزبېكىستانغا 2 مىليارد دوللار كىرىم ئېلىپ كەلگەن بولسا، 2024ـ يىلى 10 مىليون 200 مىڭ ئادەم ئۆزبېكىستانغا ساياھەت قىلغان ۋە 3 مىليارد 500

مىليون دوللار كىرىم كەلتۈرگەن. بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ساياھەتچىلىككە مەبلەغ سېلىشى ۋە ۋىزىسىز ساياھەت قاتارلىق تەشۋىقات سىياسەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئۆزبېكىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۆزبېكىستاننىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 2025-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 5 مىليون 980 مىڭ ئۆزبېك سومى، يەنى 490$ بولۇپ، تاشكەنت شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىليون 100 مىڭ ئۆزبەك سومى، يەنى 830$ دوللاردىن كۆپرەك ئىكەن.

## ئېلىخان تۆرە مازىرى

مېھمانخانىدىن چىقىپ بىرىنچى زىيارەت قىلغان ئورۇن ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەيدانى ۋە مۇستەقىللىق خاتىرە مۇنارى بولدى. ئۇ يەردىن ئۇدۇللا بىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىمىز ئۈچۈن كۈچ قوشقان ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولغان ئېلىخان تۆرىنىڭ قەبرىسىگە باردۇق. ئېلىخان تۆرىنىڭ قەبرىسى تاشكەنت شەھىرىنىڭ غەربىدىكى كۆكچە مازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ مازارلىقتا ئېلىخان تۆرىدىن باشقا يەنە ئۆزبېكىستاننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە خىزمەت قىلغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قەبرىسى بار ئىدى. مەن قەبرە تېشىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىمغا، بىر ئۆزبەك ئايال يېنىمغا كېلىپ، ئېلىخان تۆرە ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بېرىش ئىستىكى بارلىقىنى بىلدۈردى. مەنمۇ خوشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. ئوتتۇرا ياشتىكى ئۇ ئۆزبېك ئايال، ئېلىخان تۆرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. مەنمۇ ئۇ ئايالغا ئەگىشىپ، خەلقىمنىڭ بالدۇراق ھۆرلۈككە چىقىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم.



تاشكەنت كۆكچە مازىرى مەسجىدى




تاشكەنتنىڭ كۆكچە مازىرىدىكى ئېلىخان تۆرە قەبرىسى

## تاشكەنت مېتروسى



كۆپىنچە ساياھەت تور بەتلىرىدە تاشكەنت مېترۇسى تاشكەنتتىكى مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مەن تاشكەنتكە بارغاندىن كېيىن، چوقۇم تاشكەنت مېترۇسىغا ئولتۇرۇپ بېقىشنى پىلان قىلغان ئىدىم. مەن شۇ پىلانىم بويىچە تاشكەنتكە بارغان ئىككىنچى كۈندىن ئېتىبارەن ئوخشىمىغان بېكەتلەردە، ئوخشىمىغان لىنىيەلەرنىڭ پويىزىغا ئولتۇرۇپ باقتىم. تاشكەنت مېترۇسىدا، ئاتتو (ATTO) ئەپ ئارقىلىق پۇل تۆلەيدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن باشقا كۆپىنچە دۆلەتلەرنىڭ بانكا كارتىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىدىكەن. مۇساپىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قارىماي ھەق ئالىدىكەن. ھەر

قېتىمدا ھەر بىر ئادەمگە 0.14$ دوللار ئالىدىكەن. مېترو بېكەتلىرى ئالاھىدە چىرايلىق ۋە پاكىز بولۇپ، ھەر بىر بېكەت بىر - بىرىدىن پەرقلىق ۋە ئۆزگىچە ئىكەن. دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى مېتروغا ئوخشاش، ئەتىگەندە ئىشقا بارىدىغان ۋە كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا خېلى قىستاڭ ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا خېلى بوش ئىكەن. پويىز، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كىلىدىغان بولۇپ، بارىدىغان يەرگىمۇ ئاساسەن دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ بارىدىكەن.



تاشكەنت مېترو بېكەتلىرىدىن بىرى

## تاشكەنتتىكى ئىككى مۇزېينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىنكى زىددىيەتكە تولغان تۇيغۇلار

تاشكەنتكە يېتىپ بېرىپ ئىككىنجى كۈنى ئەتىگەندە ئۆزبېكىستاندىكى «سىياسىي باستۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار خاتىرە مۇزېيى» نى زىيارەت قىلدىم.

مۇزېي تاشكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاشكەنت تېلېۋىزور مۇنارىنىڭ يېنىدىكى تاشكەنتتىكى باستۇرۇش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار خاتىرە باغچىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، 2002-يىلى 31- ئاۋغۇستتا ئېچىلغان ئىكەن. مۇزېي ئۆزبېكىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى سىياسىي باستۇرۇش جەريانىدىكى تارىخىنى، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇس ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان ئىكەن.




«سىياسىي باستۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلار خاتىرە مۇزېيى»

مۇزېي رۇس ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تارىختىكى 3 قېتىملىق چوڭ سىياسىي باستۇرۇشى جەريانىدا، رۇسلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن ۋە مەجبۇرىي غايىپ قىلىنغان ئۆزبېكلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ياشىغان يىلى بويىچە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، گەرچە كۆلىمى جەھەتتە ۋەتىنىمىزدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېر ۋە قوللانغان ئۇسۇل جەھەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى باشتۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق سىياستى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىنغان بۇيۇملار، چاررۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سۈرىتى، ھۆججەتلىرى ۋە شەخسىي بۇيۇملىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باستۇرۇش 1860-يىلى رۇس ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەملىكە ئۇرۇشى قوزغىغاندا باشلانغان. چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسى شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىپ ۋە بويسۇندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆرگەزمە بۇيۇملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ۋاقىتنى تەسۋىرلەيدىغان بولۇپ، ھازىرقى ئۆزبېكىستان تارىخىدىكى ئەڭ قانلىق دەۋرلەرنىڭ بىرى بولغان ستالىن ھاكىمىيىتى ھەققىدە، ھەمدە 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «پاختا دېلوسى» دىكى 800 دىن ئارتۇق جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايىت ھۆججەتلەر، جازا لاگېرلىرى ۋە مەھبۇسلار تۇرغان تۇرمىلەر كۆرسىتىلگەن. مۇزېيدىكى ئەڭ چوڭ ئورۇن «تۇرمە ماشىنىسى» بولۇپ، كۆپلىگەن گۇناھسىز كىشىلەر سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تۇرمىگە قامالغان ئىكەن.




مۇزېي ئاساسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك خەلقىنى شىددەت بىلەن باستۇرۇشىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، 1917 ـ يىلدىكى ئىنقىلابتىن كېيىنكى چوڭ باستۇرۇشتىن باشلاپ، ستالىننىڭ مىللىي تازىلاش ۋە تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە يۈز بەرگەن ھەر قايسى باستۇرۇشلار تەپسىلىي ئارخىپلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، 1920 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە ئۆزبېكىستاندىلا يۈز مىڭ ئادەم قولغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئون ئۈچ مىڭى ئېتىۋېتىلگەن. ستالىن باستۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئىچىدە ئابدۇللا قادىرى، فىترەت، چولپان، ھەمزە قاتارلىق داڭلىق شەخسلەر بار ئىكەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مۇزېيدا يەنە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى بىلەن ھەمكارلاشقان دەپ قارالغان قىرىم تاتارلىرى، كورىيەلىكلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ سۈرگۈن قىلىنىش ئەھۋاللىرىغا ئائىت ھۆججەتلەر قويۇلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاخىرقى 15 يىلدا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۆزبېكىستاننى ئۆزىنىڭ بولاڭچىلىق سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ، 36 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى پاختا ۋە ئالتۇننى ئۆزبېكىستاندىن موسكۋاغا توشۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇ مەزگىلدە موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 75 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، مۇزېيدىكى كۆرگەزمە مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ بۇ سىياسىي ئويۇنلىرى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە گۇناھسىزلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشقان.

مەن مۇزېيغا كىرگەندە، مۇزېي خادىمى ماڭا قايسى تىلدا تونۇشتۇرۇشنى خالايسىز دەپ سورىغاندا، مەن ئۆزبېك تىلىدا دېگەن ئىدىم، مۇزېيدىكى تونۇشتۇرغۇچى ئۆزبېك ئايال مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ستالىننىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ، 1937 ـ يىلى قەشقەرگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزبېكىستانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك خەلقىگە قىلغان زۇلۇمىنى ماڭا ئالاھىدە ھېسسىيات بىلەن تەپسىلىي سۆزلەپ

بەرگەن ئىدى. مەنمۇ ئۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئايالغا جاۋابەن، ئۇ زۇلۇملارنىڭ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېغىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ خانىم بەك چوڭقۇرلاپ سۈرۈشتە قىلماستىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.







مەن بۇ مۇزېيدىكى پائالىيىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئېغىر روھىي كەيپىيات بىلەن سىرتقا چىقتىم ۋە ئېغىر ئۇھ تارتتىم. كېيىن چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر رېستورانغا باردۇق. ئۇ يەردە مېزىلىك ئۆزبېك سامسىلىرى بىلەن غىزالىنىپ، بۈگۈن زىيارەت قىلماقچى بولغان ئىككىنچى مۇزېي — شان ـ شەرەپ مۇزېيىغا قاراپ يولغا چىقتىم.



شان ـ شەرەپ مۇزېيى تاشكەنت شەھەرىنىڭ غەربى شىمالىدىكى «غەلىبە باغچىسى» ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، «غەلىبە باغچىسى» ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ 75 يىللىقىغا بېغىشلىنىپ، 2020 ـ يىلى سېلىنغان ئىكەن. مۇزېي ئۆزبېكىستاننىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىش تارىخىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا، ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇستەملىكە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش يولىدا قانداق قۇربان بەرگەنلىكى تەپسىلىي ھۆججەتلەشتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك 20 مىڭدىن ئارتۇق رەسىم ۋە ماددىي بويۇملار كۆرگەزمە قىلىنغان.




تاشكەنتتىكى شان ـ شەرەپ مۇزېيى

مۇزېي بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇزېينىڭ ئۈستىدە ئۆزبېكىستاننىڭ باتۇر ۋە جاسارەتلىك ئوغۇل ـ قىزلىرى ۋە گېنېرال سابىر رەخىموفنىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان «مەڭگۈلۈك شەرەپ» ئابىدىسى بار ئىكەن.



مۇزېيدا ئۆزبېكىستان، رۇسىيە، بېلورۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارخىپلىرىدىكى ھۆججەتلەر، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقۇچىلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە پېشقەدەم ئەسكەرلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى، ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ ئالدىنقى ۋە ئارقا سەپتىكى ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ ئىسپاتلىرى، ئۇلانىڭ مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بولغان يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، كەڭ قورساقلىقى ۋە رەھىم-شەپقىتى، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىملارنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلار بار ئىكەن.






مۇزېيدا تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزبېكىستاندىن بىر مىليون 951 مىڭ ئۆزبېك ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلاردىن 896402 ئادەم ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزبېكىستانغا قايتىپ كېلەلمىگەن. يەنى 538 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان. 150 مىڭ ئادەم گېرمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن. 158000 دىن ئارتۇق كىشى ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان. 870942 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوغداش ئۇرۇشىدا يارىدار بولغان.



ئۇرۇشتا بەش ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆزبەك ئايال ۋە ئۇنىڭ تۆت كېلىنى



ئاتا ـ ئانىسدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان ئىككى يۈز مىڭ بالىغا بېغىشلانغان خاتىرە ھەيكەل

يۇقىرىقى ئىككى مۇزېينىڭ بىردە ئۆزبېكىستاننى مۇستەملىكە قىلغان رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى مەجبۇرىي غايىپ قىلىنغانلار خاتىرىلەنگەن بولسا، يەنە بىردە ئۆزبېكىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان سوۋېت ئىتتىپاقىبۇلارنىنى قوغداش ئۈچۈن قان تۆككەن ۋە ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۆزبېكلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەن ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر خىل مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. ئۆزىنى ئۆز ۋەتەندىشى كۆرمىگەن ياكى ئۆزىگە باشقا ۋەتەنداشلاردەك ئادىل مۇئامىلىدە بولمىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان بىر ھاكىمىيەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش شەرەپ ھېسابلىنامدۇ؟ كۈنلەرنىڭ بىردە بىز مۇستەققىل بولۇپ قالساق، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە خەلقىمىزنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلغان قىز يىگىتلىرىمىزنى خاتىرلەش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىمۇ خاتىرلەيمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ئۆزبېكىستان تارىخىغا باھا بەرمەكچى ياكى ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم.

## سەمەرقەنت زىيارىتىم

تاشكەنت شەھرىدە ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاساسلىق مۇزېي، خاتىرە سارايلىرى، تارىخىي مەسجىتلەر، مەدرىس ۋە زەرەتگاھلىقلارنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

ئەتىگەندە تېز پويىز بىلەن سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقتىم. تاشكەنتتىن سەمەرقەنتكە ماڭىدىغان تېز پويىزنىڭ بېلىتى ناھايىتى تېز تۈگەپ كېتىدۇ دەپ ئاڭلىغاچقا، ئۆزبېكىستانغا يولغا چىقىشتىن ئىككى ھەپتە بۇرۇن، ئۆزبېكىستان تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ تور بېتى ئارقىلىق پويىز بېلىتىنى ئېلىپ قويغان ئىدىم. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە تاشكەنتتىكى مېھمانخانىدىن چىقىپ، يەر ئاستى پويىز بىلەن ئۇدۇللا تاشكەنت مەركىزى ۋوگزالغا باردىم. بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ۋوگزالغا كىرگەندىن كېيىن ئۇدۇللا پويىزغا چىقتىم. تاشكەنت باشلىنىش بېكەت بولغاچقا، پويىز ئىشىكى پويىز مېڭىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، پويىزغا چىقىشتا پويىز خادىملىرى پەقەت بېلەتكە قارايدىكەن، ئەمما كىملىك تەكشۈرمەيدىكەن. تاشكەنت بىلەن سەمەرقەنتنىڭ ئارلىقى 306 كىلومېتىر بولۇپ، تېز پويىز بىلەن ئىككى سائەتتىن سەل ئارتۇق ۋاقىت كېتىدىكەن.




ئۆزبېكىستاندا ئۇبەر (UBER) يوق بولۇپ، ئۇبېر بىلەن ئوخشاش مۇلازىمەتكە رۇسىيەنىڭ ياندېكس دېگەن ئەپ مۇلازىمىتى بىلەن ئىرىشكىلى بولىدىكەن. مەن سەمەرقەنتكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ياندېكس ئارقىلىق تاكسى چاقىردىم. ياندېكستە تاكسى بىلەن باردىغان يېرىمگىچە ئالىدىغان پۇلنى بىلگەندىن كېيىن، پويىز ئىستانسىدا ساقلاپ تۇرغان تاكسىچىلاردىن ئوخشاش ئورۇنغا قانچە پۇل ئالىدىغانلىقىنى سوراپ باقتىم. ئۇلارنىڭ بەرگەن باھاسى ياندېكسنىڭ باھاسىدىن ئىككى، ئۈچ ھەسسە ئارتۇق چىقتى. بەلكىم باھا تالىشىش ئارقىلىق، ئۇ باھانى سەل ئەرزان قىلغىلى بولسىمۇ، ئەمما مەن ياندېكسنى كۆپ ئەرزان ۋە قولايلىق كۆردۈم.

سەمەرقەنت ۋوگزالى بىلەن مەن چۈشكەن مېھمانخانا ئارلىقى 4.8 كېلومېتىر بولۇپ، ماشىنا بىلەن 8 ـ 10 مىنۇتلۇق مۇساپە ئىكەن. ياندېكس ئارقىلىق چاقىرغان تاكسىغا ئىككى دوللار ئالىدىكەن. بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەن چاقىرغان تاكسى كەلدى. ئۆزبېكىستانغا كەلگەن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدە ئۆزبېكىستان ئۆزبېكلىرىنىڭ ئۆزبېكچىسىگە خېلى كۆنۈپ قالغان ئىدىم. شۇڭا يولدا ماڭغاچ تاكسى شوپۇرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزبېكچىسىدىن ئۇنىڭ ئۆزبېك ئەمەسلىكىنى

بىلىپ، نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ پارس مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى، بۇرۇن سىرتتا رۇسچە، ئۆيدە پارسچە سۆزلىشىدىغانلىقىنى، كېيىنكى يىللاردا ئاندىن ئۆزبېكچى ئۆگەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇنىڭدىن كۆنگە قانچە پۇل تاپىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ پۈتۈن چىقىملارنى چېقىرۋەتكەندىن كېيىن 250 مىڭ سوم، يەنى 20 دوللار تاپىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئۇ پۇل بىلەن سەمەرقەندتە قايسى سەۋىيەدە تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ كىشى بۇ پۇل بىلەن سەمەرقەنتتە ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قاتلامدا ياشىغىلى بولىدىغانلىقى دەپ، ئۆزىنىڭ شۈكۈر قانائەتىنى بىلدۈردى.



سەمەرقەنت رېگىستان مەيدانى

مەن سەمەرقەنتكە يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن جەريانىدا، ئەمىر تۆمۈر، مىرزا ئۇلۇغبەگ، ئەلشىر ناۋايى قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامىدىكى خاتىرە مۇنارى، خاتىرە مەيدانى، مۇزېي، مەدرىس، مەسجىد ۋە مازارلارنى، دانىيال غوجىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئەمىر تۆمۈر، مىرزا ئۇلۇغ بەگ ۋە دانىيال غوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بولدى.



سەمەرقەنت شەھەر مەركىزىدىكى ئەمىر تۆمۈر ھەيكىلى

ئەمىر تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 1320 ـ يىلى سەمەرقەنتتە تۇغۇلۇپ ھازىرقى ئافغانىستان، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېمۇرىيلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ۋە سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان تېمۇرىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولۇپ، 1405 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستاندا ۋاپات بولغان ئىكەن. ئەمىر تۆمۈر بىر تەرەپتىن يېڭىلمەس قوماندان، تارىختىكى ئەڭ غەلىبىلىك ھەربىي رەھبەر ۋە تاكتىكاچىلارنىڭ بىرى دەپ تەرىپلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەڭ رەھىمسىز ۋە قانخور پادىشاھ دەپ تەرىپلىنىدىكەن. ئۇ يەنە سەنئەت ۋە بىناكارلىقنىڭ ئۇلۇغ ھىمايىچىسى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىمپېرىيىنىڭ ھەر قايسى جەھەتتە گۈللىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىكەن. بەلكى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەيلى تاشكەنت ياكى سەمەرقەنتتە بولسۇن، ھەممىلا يەردە ئەمىر تېمۇر نامى بىلەن ئاتالغان ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. قىسقىسى ئەمىر تېمۇر ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان ئىكەن.



سەمەرقەنت شەھىرىدىكى ئەمىر تۆمۈر مازىرى



سەمەرقەنت شەھەرىدىكى ئەمىر تۆمۈر قەبرىسى

مىرزا ئۇلۇغبەگ 1394 ـ يىلى ئىراندا تۇغۇلۇپ، كېيىنكى ھاياتىنى سەمەرقەندتە ئۆتكۈزگەن ۋە 1449 ـ يىلى سەمەرقەندتە ئالەمدىن ئۆتكەن تېمۇرىيلار ئېمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى، بۈيۈك ئاسترونومىيە ئالىمى ۋە ماتېماتىك ئىكەن.




سەمەرقەنت شەھەر مەركىزىدىكى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەيكىلى



سەمەرقەنت شەھەرىدىكى مىرزا ئۇلۇغبەگ مۇزېيى

مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيەگە مۇناسىۋەتلىك ترىگونومېترىيە ۋە شارسىمان گېئومېترىيە قاتارلىق خىزمەتلىرى، شۇنداقلا سەنئەت ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەرگە بولغان قىزىقىشى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇ ئەرەبچە، پارسچە، چاغاتاي تۈركچە، مۇڭغۇلچە قاتارلىق تىللارنى بىلىدۇ دەپ قارىلىدىكەن. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە تېمۇر ئىمپېرىيىسى ئۇنىڭ پەرۋىشى ۋە ھىمايىسى ئارقىلىق مەدەنىيەت گۈللىنىشى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىكەن.

مىرزا ئۇلۇغبەگ 1424 ـ يىلدىن 1429 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سەمەرقەنتتە ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىنى قۇرغان. ئالىملار ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئېسىل رەسەتخانىلارنىڭ بىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ رەسەتخانا دەپ قارىغان. ئۇلۇغبەگ 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ نۇرغۇنلىغان ئالىملار تەرىپىدىن ئەڭ مۇھىم كۆزىتىش ئاسترونومى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇ يەنە سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا ئۇلۇغبەگ مەدرىسەلىرىنى قۇرۇپ، بۇ شەھەرلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرغان ئىكەن.

سەمەرقەنتتىكى دانىيال غوجىنىڭ قەبرىسى دانىيال غوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالتە قەبرىستانلىقنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئالتە قەبرىستاننىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئىرانىدا ئىكەن. ئۇ سەمەرقەنتنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چەت بىر رايونغا جايلاشقان بولۇپ، تاغ باغرىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكتە مەقبەرىنىڭ ئۇزۇن بەش گۈمبەزلىك بىناسى بار ئىكەن. تاغنىڭ ئاستىدا سىئاب دەرياسى بار بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا گەرچە ئولتۇراق رايون ياكى مەھەللە بولمىسىمۇ، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ئۇ يەر ئۈچۈن خېلى كۆپ مەبلەغ سېلىپ، ئەتراپنى خېلى چىرايلىق ياسىغان ئىكەن.



سامارقەندىكى دانىيال خوجا قەبرىسى جايلاشقان يەر

دانىيال غوجا مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىرلەردە قۇدۇستا ياشىغان بولۇپ، بۇ قەبرە توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەت ۋە پەرەزلەر بار ئىكەن. بەزىلەر دانىيال غوجانىڭ جەسەتىنى بۇ يەرگە دەسلەپكى خىرىستىيانلار ئېلىپ كەلگەن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر جەسەتنى ئەمىر تۆمۈر سەمەرقەندكە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغان دەپ قارايدىكەن. بۇ قەبرە نۆۋەتتە سەمەرقەندتىكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان، خىرىستىيان ۋە يەھۇدىيلار دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان جايغا ئايلانغان ئىكەن.



سەمەرقەنتتىكى دانىيال خوجا قەبرىسى

# بۇخارادىكى زىيارىتىم




سەمەرقەندىكى ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تېز پويىز ئارقىلىق بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقتىم، ئىككى سائەتتىن كېيىن بۇخاراغا يېتىپ كەلدىم. بۇخاراغا بارغىچە پويىزدا بۇخاراغا زىيارەت ئۈچۈن ماڭغان گېرمانىيەلىك بىر ياش بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ قالدىم. ئۇ مەندىن قايسى دۆلەتتىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئامېرىكادىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتۇدۇم، ئەسلى يۇرتۇمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن «ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەتنى ئاڭلاپ باققانمىتىڭىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا كۆپ ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالىي مەكتەپتە سىياسەت كەسپى ئوقۇغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىدىن خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، تېما بىراقلا ترامپقا ئۆزگۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ترامپ ۋە ئامېرىكا سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقى، ھەتتا غەزەپ نەپرىتىنى بىلدۈردى. مەن ئۇ قوبۇل قىلغۇدەك تىلدا بەزى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەڭ ياخشىسى ئامېرىكىغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدىم. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرچە ئۇنداق بىر پىلانى يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە پويىز بۇخاراغا يىتىپ كەلدى.

بىز ۋوگزالدىن چىقىپ مېھمانخانىغا بىر تاكسى بىلەن بىرگە كەتمەكچى بولدۇق. ئۇ رۇسچە بىلگەنلىكى ئۈچۈن، تاكسىنى مەن چاقىراي دەپ بىر تاكسى چاقىردى. قىززىق يېرى تاكسى شوپۇرى رۇسچىنى تازا ياخشى بىلمەيدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مەقسىتىنى تازا ياخشى چۈشەندۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، شوپۇردىن «رۇسچە بىلمەمسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئۆزىنىڭ رۇسچىنى ئانچە ياخشى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن بىلسەم ئۇ ئافغانىستاندىن كەلگەن كىشى ئىكەن. بەلكىم ئافغانىستانلىق ئۆزبېك بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن مەن رۇسچە بىلىدىغان ئۇ گېرمانغا تەرجىمان

بولۇپ، مەن چۈشكەن مېھمانخانىغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى بارماقچى بولغان مېھمانخانىسىغا يولغا سېلىپ قويدۇم.



بۇخارا سەمەرقەندىن كىچىك، ھەم بۇخارادىكى كۆرىدىغان جايلار ئاساسەن كىچىك بىر رايونغا توپلاشقان بولغاچقا، ئىككى كۈن ئىچىدە ساياھەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەممە جايلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. بۇخارادا تارىخى ئۇزۇن مەدرىس ۋە مەقبەرىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سامانىيلار مەقبەرىسىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئىكەن.





كالان مەسجىدى ۋە كالان مۇنارى

سامانىيلار مەقبەرىسى بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ مىلادى 10 ـ ئەسىردە، يەنى تەخمىنەن 900 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خان جەمەتى مازارلىقى سۈپىتىدە سېلىنغان. ئۇنىڭدا ئۈچ قەبرىستانلىق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ناسىر ئىككىنچىنىڭ قەبرىسى ئىكەن.



بۇ مەقبەرە دەسلەپكى ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ سىمووۋل خاراكتېرلىك مىسالى دەپ قارىلىدىكەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى ھېسابلىنىدىكەن. سامانىيلار باغداتتىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىن ئايرىلىپ ھازىرقى ئافغانىستان، ئىران، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قازاقىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن. ئۇ سامانىيلار دەۋرىدىن قالغان بىردىنبىر يادىكارلىق بولۇپ، ئامېرىكا سەنئەت تارىخچىسى ئارتۇر ئۇفام ئۇنى «پېرسىيەدىكى ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى» دەپ ئاتىغان ئىكەن.

## تاشكەنتتىكى ئاخىرقى كۈنلەر




بۇخارادىكى ئىككى كۈنلۈك زىيارىتىمنى تۈگىتىپ 9- ئاينىڭ 9 - كۈنى پويىز بىلەن تاشكەنتكە قايتىپ كەلدىم ۋە كېيىنكى ئىككى كۈنۈمنى تاشكەنتتىكى كونا ۋە يېڭى تونۇشقان دوستلار بىلەن ئۆتكۈزدۈم. پەرقلىق رېستورانلاردا دوستلار بىلەن بىرگە غىزالانغاچ، كۆپچىلىك قىزىقىدىغان خەلقئارالىق تېمىلاردا پاراڭلاشتۇق. بىز مەيلى قايسى تېمىدا پارايلىشايلى، ئاخىرىدا سۆزىمىز ۋەتەندىكى خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋاللار، غەربنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياستى ۋە دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىلىقلار توغرىسىدا بولدى.




تاشكەنت تەنتەربىيە سارىيى

9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچتە تاشكەنتتىكى دوستلار بىلەن خوشلىشىپ، ئالمۇتاغا قاراپ يولغا چىقتىم ۋە بۇ قېتىمقى ئۆزبېكىستان زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.



تاشكەنت سودا سارىيى يېنىغا جايلاشقان شەھەر باغچىسى




تاشكەنت شەھىرىدىكى خوجايىنى ئۇيغۇر توپ تارقىتىش، سېتىش مەركىزى بىناسى

## خاتىمە

ئۆزبېكىستانلىقلارنىڭ تۇرمۇش ۋە يېمەك ئىچمەك ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارغا بەك ئوخشايدىغان بولۇپ، ئەنەنىۋى بازارلار ۋە مىللىي رېستورانلار كونا شەھەرنى مەركەز قىلغان ئىكەن. يېڭى تەرەققىي قىلغان رايۇنلاردا غەرپتىكىگە ئوخشاش تاللا بازىرى ۋە غەرپچە رېستورانلار ئاساسى ئورۇننى ئىگىلەشكە قاراپ ماڭغاندەك ھېس قىلدىم. مىللىي رېستورانلارنىڭ تاماق تىزىملىكىدىكى تاماقلارنىڭ توقسان پىرسەنتى ئۇيغۇرچە تاماقلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت «لەغمەن» نىڭ ئالدىدا «ئۇيغۇر» قوشۇلغان ئىكەن. ئۇ ئادەمگە خۇددى لەغمەندىن باشقا تاماقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزبېكنىڭ تامىقىدەك تۇيغۇ بېرىدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئورتاق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت بولۇپ، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە سىياسىي ئويۇنلار تۈپەيلىدىن ئايرىم ئىككى مىللەت سۈپىتىدە تونۇلماقتا. مېنىڭ قارىشىمچە، مەيلى تارىخ قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، نۆۋەتتە ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار قانداشلىق جەھەتتە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يېقىن مىللەت. ئەمما ناھايىتى ئەپسۇس، ئۇلار مىللىي مەنپەئەت جەھەتتە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان مۇستەقىل مەنپەئەتكە ئىگە ئىككى مىللەتتۇر.

ئۆزبېكىستان تەرەققىي قىلىۋاتقان تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، غەرب ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىن ئەڭ ئەرزان دۆلەتلەردىن بىرى دەپ تەسۋىرلىنىپ كەلگەن بولۇپ، گەرچە غەربتىن كەلگەنلەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن ئەرزان بولسىمۇ، ئەمما بەزى نەرسىلەر تۆۋەن كىرىملىك ئۆزبېك خەلقى ئۈچۈن ئەرزان ئەمەس، ئەكسىچە خېلىلا قىممەت ئىكەن. بەلكىم شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۆزبېكىستان باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن چەتئەللەرگە چىقىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن. كۆپىنچە خەلقنىڭ تۇرمۇشى خېلى ئېغىر بولسىمۇ، نامراتلىق خەلقنى بەك بۇزۇۋەتمىگەن ئىكەن. ئۆزبېكىستاندىكى كۆپ سانلىق خەلق يەنىلا خېلى كۆپ دۆلەتلەردىكى خەلقلەرگە نىسبەتەن سەممىي ئىكەن. كەم دېگەندە مەن زىيارەت جەريانىدا مەيلى تاكسىدا بولسۇن، ياكى رېستوراندا ياكى باشقا جايلاردا بولسۇن ئالدامچىلىققا ئۇچرىمىدىم.

ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشىك بېلەتلىرىنىڭ باھاسى ئۆزبېك پۇقراسى بىلەن چەتئەللىكلەرگە پەرقلىق بولۇپ، كۆپىنچە ساياھەت ئورۇنلىرىدا چەتئەللىكلەردىن بەش ھەسسىدىن ئون ھەسسىگىچە ئارتۇق ھەق ئالىدىكەن. ئەمما ئاممىۋى قاتناش ۋە باشقا مۇلازىمەتلەرنىڭ باھاسىدا كۆپ پەرق يوق ئىكەن.

مەيلى تاشكەنت بولسۇن، ياكى سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا بولسۇن، قاتناش قائىدىسى، يوللاردىكى قاتناش ئەسلىھەلىرى مىسىر قاتارلىق بىر قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ، كۆپىنچە شوپۇرلار پىيادىلارغا يول بېرىدىكەن.

ياندېكس بىلەن چاقىرغان تاكسىنىڭ باھاسى ئاساسەن ئىككى - ئۈچ دوللاردىن ئېشىپ كەتمەيدىغان بولۇپ، دەسلەپتە دېگەن باھادىن ئارتۇق پۇل ئالمايدىكەن. باشقا تاكسىلار بىلەن باھا تالىششقا توغرا كېلىدىكەن، باھا ياندېكستىكىدىن خېلى پەرقلىق ئىكەن.

يېمەكلىك باھاسى ھەر قايسى رېستورانلار ئارىسىدا بەك چوڭ پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، بىر ياخشى كۆرىدىغان لەغمەن، پولولار ئاساسەن 6-5 دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. ئۇلارغا نىسبەتەن گۆش خېلىلا قىممەت بولۇپ، بىر كىلو گۆش 15 دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. ماشىنا قاتارلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ھەر خىل ماركىلار ۋە سۈپەتلىك ماللار، بولۇپمۇ ئىمپورت قىلىنغان ماللار، ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا نىسبەتەن خىلىلا قىممەت ئىكەن.

قىسقىسى، مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆزبېكىستان زىيارىتىم ناھايىتى ئوڭۇشلۇق، ئۇتۇقلۇق ۋە ئەھمىيەتلىك زىيارەت بولدى.



# خىتاينىڭ سۇرىيەدىكى باش قىيىنچىلىقى: سۇرىيە ئارمىيىسىدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر

روبېرت بوچىياگا

# ختاينىڭ سۇرىيەدىكى باش قېتىنچىلىقى: سۇرىيە ئارمىيىسىدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر

**روبېرت بوچىياگا**

2025-يىلى 9-سېنتەبىر

ختاي ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق قول سىياسەتلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن باھانە قىلىپ كۆرسىتىدىغان جەڭچىلەر — يەنى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار — كۈنىمىزدە سۇرىيەنىڭ ھەربىي قىسملىرىغا قوشۇۋېتىلدى.

بەشار ئەسەدنىڭ دىكتاتور ھاكىمىيىتى 2024 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇمران بولغاندا، ختاي دەمەشقتىكى يېقىن بىر ئىتتىپاقدىشىدىن ئايرىلىپ قالدى. ختاي ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن مابەينىدە ئىگىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقى ئاستىدا ئەسەدنى قوللاپ، سۇرىيە ئۇرۇشىنى چەتئەللىكلەرنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ۋە جىھادچى قوراللىق كۈچلەرنىڭ زىيىنىنىڭ ئىسپاتى دەپ دەۋا قىلىپ كەلگەن ئىدى.

بىراق، سۇرىيەدىكى خارابىلىكلەر ئارىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان يېڭى تەرتىپ (يەنى يېڭى سۇرىيە ھۆكۈمىتى) ختاينى خاتىرجەم قىلغىنى يوق. ختاي ئىلگىرى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قاتتىق قول سىياسەتلىرىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتكەن جەڭچىلەر، يەنى تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدىكى (TIP) ئۇيغۇرلار ئەمدىلىكتە سۇرىيەنىڭ ھەربىي قۇرۇلمىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىلدى.

ختاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىلىشىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ئىنتايىن كۈچلۈك. بىر چاغلاردا (سۇرىيە قوزغىلىڭىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي مەركىزى بولغان) ئىدلىب كوچىلىرىدا نامايىش قىلىپ، ختايغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن شوئار توۋلىغان ئۇيغۇر قوراللىقلىرى بۈگۈن سۇرىيە ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ يۈرۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا پولكوۋنىك ۋە بىرىگادا كوماندىرى قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئىگە. بۇ بېيجىڭنىڭ نەچچە يىلدىن

بۇيان ساقلىنىشقا تىرىشىپ كەلگەن قاباھەتلىك چۈشىدۇر. جەڭلەردە تاۋلانغان «بۆلگۈنچىلەر» ئەمدىلىكتە قانۇنسىز ئۇنسۇرلاردىن دۆلەت خادىملىرىغا ئايلىنىپ، ئەسەدتىن كېيىنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بايرىقى ئاستىدا قانۇنلاشتۇرۇلدى.

بۇ ۋەزىيەت تېخىمۇ چوڭقۇر بىر زىددىيەتنى گەۋدىلەندۈردۇ. خىتاي ئۆزىنى تېرورىزمغا قارشى تۇرۇشتىكى مۇستەھكەم قورغان قىلىپ كۆرسىتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى رادىكاللىقنى تىزگىنلەشتىكى مۇھىم قەدەم باسقۇچلار دەپ دەۋا قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما سۈرىيە مەسىلى خىتاينىڭ بۇ داۋاسىنىڭ چەكلىمىسىنى ئاشكارىلىدى. ئۇيغۇر جەڭچىلەر يوقىتىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سۈرىيە يېڭى بىر بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە پېتىپ قالغان بىر پەيتتە، يېڭى دۆلەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە ئورۇن ئالدى.

ئۇيغۇرلار 2012 ـ 2013ـ يىللىرى ئەتراپىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە تۈركىيە ئارقىلىق سۈرىيەگە كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار تۈركىيە چېگراسىغا يېقىن ئىدلىب ئۆلكىسىگە توپلانغان بولۇپ، بۇ يەردە تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى (TIP) ئەلقائىدەگە مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپپىلار ۋە كېيىنچە ھازىرقى سۈرىيەنىڭ ئەسەدتىن كېيىنكى ھۆكۈمىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغان ھەيئەت تەھرىر شام (HTS) بىلەن بىر قاتاردا ئۇرۇش مەيدانىدىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندى. ئائىلىلەر جىسىر شۇغۇر ئەتراپىدا ئولتۇراق رايونلارنى قۇرۇپ، ئەسەد ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر مەھەللە شەكىللەندۈردى. مۆلچەرلەرگە قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندە سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى قوشقاندا 15 مىڭغا يېتىدۇ.

نۇرغۇنلىغان قوراللىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قورال ئېلىش تاللىشى سۈرىيە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆپرەك شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئىدى. TIP نىڭ تەشۋىقاتلىرىدا سۈرىيەدە ئۇرۇش قىلىشنىڭ كەلگۈسىدە خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش ئۈچۈن ماھارەت يېتىلدۈرۈش ۋاستىسى ئىكەنلىكى ئوچۇق ئېيتىلغان. بەزى جەڭچىلەر بىۋاستە خىتاي ئۇل ئەسلىھەلىرىگە قارىتىلغان تەھدىتلەرنى سىنىغا ئېلىپ، 2014 ـ يىلىدىكى كۇنمىڭ ۋوگزالىدىكى پىچاقلىق ھۇجۇم ياكى ئۈرۈمچىدىكى پارتلىتىشلارنى كەلگۈسىدىكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىلھام مەنبەسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان ئىدى.

بېيجىڭ بۇ قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ يۇرتىغا قايتىشىدىن ياكى زوراۋانلىقنى چەتئەلدە ئېلىپ بېرىشىدىن قورقىدۇ. بۇ ئەندىشە پەقەت شەرقىي تۈركىستان بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. خىتاينىڭ «بىر بەلۋاغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئوتتۇرا ئاسىيا، پاكىستان ۋە ئوتتۇرا شەرق قاتارلىق TIP قا ئالاقىدار قوراللىق گۇرۇپپىلار پائالىيەت قىلىۋاتقان داۋالغۇش ئىچىدىكى كارىدورلاردىن ئۆتىدۇ. پاكىستاندا خىتاي

ئىنژېنېرلار بەلۇچ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندى. مالىدا ئەلقائىدەگە قاراشلىق گۇرۇپپىلار خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى كانلارغا ھۇجۇم قىلدى. 2015-يىلى، «ئىسلام دۆلىتى» (IS) سۇرىيەدە بىر خىتاي تۇتقۇننى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەلەر خىتاي پۇقرالىرىنىڭ چەتئەلدىكى بىخەتەرلىكىنىڭ ئاجىزلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

رايونلۇق تەھلىلچى سامى ئاكىل (Samy Akil) «دىپلومات» ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ بۈگۈنكى كۈندە سۇرىيەگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئىستراتېگىيىلىك خەۋپتىن ساقلىنىش مۇئامىلىسى دەپ تەسۋىرلىسەك ئەڭ توغرا بولىدۇ. يادرولۇق مەنپەئەتلەر ئاساسلىقى چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئالاقىدار بىخەتەرلىك ئەندىشىلىرى ئاساسىدا ماڭىدۇ... گەرچە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردە ياخشى پايدىغا ئېرىشكىلى بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر ھەممىدىن بەك سودىلىشىش كوزىرى ھالىتىدۇر.»

### بېيجىڭنىڭ خىيانەت دەپ جار سېلىشى

2025-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ سۇرىيەنىڭ يېڭى 84-دىۋىزىيىسىگە قوشۇلغانلىقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بۇ خىرىسنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. تەخمىنەن 3500 چەتئەللىك جەڭچى (كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار) رەسمىي ھالدا سۇرىيە ئارمىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. كەم دېگەندە ئۈچ نەپىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىققا كۆتۈرۈلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، TIP سۇرىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ پەقەت نامدىكى بىر ئىشارەت ئىدى.

بېيجىڭنى ئەڭ قاتتىق چۆچۈتكىنى ۋاشىڭتوننىڭ بۇنى يوشۇرۇن تەستىقلىشى بولدى. ترامپ ھۆكۈمىتى چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسىگە سىڭىشىپ كېتىشىنى ئاشكارىلىققا ۋە مۇقىملىششقا قاراپ بېسىلغان بىر قەدەم دەپ تەسۋىرلىدى. گەرچە TIP بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا تەرىپىدىن تاكى 2020-يىلغىچە ئۇزۇن يىللار تېررورلۇق تەشكىلاتى دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ.

بېيجىڭ ئۈچۈن بۇ ئويئوچۇق خىيانەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ۋاشىنگتون TIP ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى (ETIM) تېررورلۇق تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپلا قالماي، ھازىر ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ سۇرىيە ئارمىيىسى ئىچىدە قانۇنلىششىنىمۇ

خالايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئەھۋال بېيجىڭدىكى «ئامېرىكا ۋە تۈركىيە گېئو-سىياسىي ئويۇنىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىيەگە ئۆتۈشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بەردى» دېگەن ئۇزۇندىن بۇيانقى گۇمانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. خىتاي ئەمەلدارلىرى شۇنى ئاگاھلاندۇرغانكى، قوراللىق ئۇنسۇرلارنىڭ بىر سەھنىدە قانۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇلارنى باشقا بىر سەھنىدە (جەڭ قىلىشقا) رىغبەتلەندۈرۈش خەۋپىنى تۇغدۇرىدۇ.

سۈرىيەدىكى ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرماقتا. دۆلەت مۇقىملىشىش تۇگۇل، يەنە كېلىپ زوراۋانلىق دەۋرىيلىكى ئىچىدە قاپسىلىپ قالدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەردە قىرغىنچىلىقلار خەۋەر قىلىنماقتا. پۇقرالار ۋە پائالىيەتچىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. يېڭى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت خالىغانچە قاماققا ئېلىشتىن تارتىپ قىيناشقىچە بولغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن ئەيىبلەنمەكتە. ئۆكتىچى ئاۋازلار ئۇنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا سوئال قويماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتلەر يوشۇرۇن ھالەتتە داۋام قىلماقتا.

بۇ خىل مەنزىرىدە، دەمەشىق تەرەپ ئۇيغۇرلارنى يىلتىز تارتىپ كەتكەن، چېقىرىۋېتىش مۇمكىن بولمىغان كۈچ دەپ قارايدۇ. سۈرىيىلىك ئۆكتىچى زات راندا كاسىس «دىپلومات» ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «مەن بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇ جەڭچىلەرنى بىرەر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىغا گۇمان بىلەن قارايمەن، چۈنكى ھۆكۈمەت ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. ئۇلارنى قولغا ئېلىش ياكى قوغلاپ چىقىرىشقا بولغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇش ئاساسەن دېگۈدەك ئىچكى ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى چەتئەللىك جەڭچىلەر يېقىندا سۈرىيە پۇقرالىقىغا ئېلىتماس سۇنۇپ، خىتايدىن يىراقتا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ بەلكىم مەسىلىنى يۈزەكى جەھەتتىن ھەل قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇزۇن مۇددەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قايتا ئارىلىشىش خەۋپى يەنىلا مەۋجۇت.

بۇ ئەھۋال خىتاينى يەككە تەرەپلىمە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بىر قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدۇردى. «خىتاينىڭ بەزى ئۇيغۇر چەتئەللىك جەڭچىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشكە ھېچقانداق ئىشتىياقى يوق» دەپ چۈشەندۈردى ئاكىل. «شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي ئۇلارنىڭ سۈرىيە ھەربىي ئاپپاراتىغا قوشۇلۇشىنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. خىتاينىڭ قولغا كەلتۈرمەكچى بولغىنى — بۇ جەڭچىلەرنى نېيترالاشتۇرۇش، يەنى قورالسىزلاندۇرۇش، يېقىندىن كۆزىتىش ۋە سۈرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى ھەربىي ۋەزىپىلەردە ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.»

سۈرىيە مەسىلىسى خىتاي بىلەن رۇسىيەنى ئوڭايسىز ھەمكارلىققا ئىتتەردى. ھەر ئىككى دۆلەت بىر چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ سۈرىيە سىياسەتلىرىنى پرىنسىپلىق دەپ ماختىغان ئىدى. سۈرىيەنىڭ ئىگىلىك

ھوقۇقىنى قوغداش، جىھادچىلىقنى يوقىتىش ۋە ئامېرىكىنىڭ ئارىلىششى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر خاتالىقلاردىن ساقلىنىش يولىدا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەر ئىككى دۆلەت شۇنداق بىر مەسخىرىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئىتتىپاقلاشقان ھاكىمىيىتى (يەنى ئەسەد ھاكىمىيىتى) ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى ھاكىمىيەت دەل خىتاي بىلەن رۇسىيە شۇنچە قورقىدىغان جىھادچىلارنى قويىنىغا ئالماقتا. موسكۋا ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى ئەندىشە جىھادنىڭ كاۋكاز رايونىغا كېڭىيىپ كېتىشى بولسا؛ بېيجىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ۋە «بىر بەلۋاغ، بىر يول» لىنىيەلىرىدىكى زوراۋانلىقتۇر.

سامىي ئاكىل مۇنداق كۆرسەتتى: «سۈرىيەنىڭ سىياسىي ئۆتۈشۈش دەۋرى تېخى تۇراقلاشمىغان بىر پەيتتە، بۇ چەتئەللىك جەڭچىلەرنىڭ سۈرىيە ھەربىي ئاپپاراتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سەۋەبلىك ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىگىلى بولۇش قىيىن.»

### تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىناۋىتىنىڭ سىلىنىشى

موسكۋا پەردە ئارقىسىدا ھەربىي يوللار ئارقىلىق سۈرىيەگە بېسىم ئىشلەتسە، خىتاي دىپلوماتىك ۋاستىلەر ئارقىلىق بېسىم ئىشلەتمەكتە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا، خىتاي ھەيئەت تەھرىر شامغا (HTS) ئالاقىدار قوماندانلارنى تېرورلۇق جازاسى تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىش تەكلىپلىرىنى رەت قىلدى. ئۇ يەنە سۈرىيەنى قايتا قۇرۇش ھەققىدىكى مۇزاكىرىلەرنى ئاستىلىتىپ، خىتاينىڭ سۈرىيەنى قايتا قۇرۇشقا ياردەم بېرىشىنىڭ — ئۇيغۇر جەڭچىلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك كاپالەتلەرگە باغلىق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى.

«رىھلا تەتقىقات ۋە مەسلىھەتچىلىك ئورگىنى» نىڭ خىتاي - ئوتتۇرا شەرق مۇتەخەسسىسى جېسى ماركس (Jesse Marks) ۋەزىيەتنى مۇنداق تەسۋىرلىدى: «خىتاي تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشنى، بولۇپمۇ ETIM/TIP (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى/ تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى) غا قارشى تۇرۇشنى سۈرىيە بىلەن بولغان كەلگۈسى نورماللىشىشىنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى قىلىۋالدى.»

جەسى ماركس دىپلومات ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «گەرچە سۈرىيە ۋە خىتاي ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا TIP چەتئەللىك جەڭچىلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە پىكىر ئوخشىماسلىقى بولسىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىزچىل ئالاقىلىشىپ كەلمەكتە. بېيجىڭ سۈرىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جازالىرىنى بىكار قىلىش ئارزۇسىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما بۇ

مەسىلىنى ھەل قىلالمىسا، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىش خەۋپى بار.»

خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى كۈچلۈك تەسىرى مەسىلىلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. رۇسىيە ياكى ئامېرىكىغا ئوخشىمايدىغىنى، بېيجىڭ رايوندىكى مەسىلىلەرگە ھەربىي جەھەتتىن چېتىلىپ قىلىشتىن ساقلىنىپ، چەكلىك مەبلەغ سېلىش ۋە ئېھتىياتچان دىپلوماتىيە يولىنى تاللىدى. ئۇنىڭ ئىزلىرى ئىراق ۋە ئىران بىلەن بولغان ئېنېرگىيە كېلىشىملىرى، مىسىردىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرى ۋە پارس قولتۇقى پادىشاھلىقلىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئاسىيادىكى «بىر بەلۋاغ، بىر يول» كارىدورلىرىغا سېلىنغان مىليارتلىغان مەبلەغكە سېلىشتۇرغاندا، خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى مەۋجۇتلۇقى يەنىلا كىچىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۈرىيەنى خىتايغا نىسبەتەن بازار سۈپىتىدە جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەن، ئەمما بىخەتەرلىك يۈكى سۈپىتىدە تېخىمۇ خەتەرلىك ئورۇنغا ئايلاندۇرىدۇ.

راندا كاسسىسنىڭ (Randa Kassis) قارىشىچە، بېيجىڭنىڭ سۈرىيە ئىستراتېگىيىسى داۋاملىق تار دائىرىگە مەركەزلىشىپ قالىدۇ. «خىتاي سۈرىيەگە كۆپ مەبلەغ سالمايدۇ» دەيدۇ كاسسىس. «ئۇلار پەقەت مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كارخانىچىلار ۋە كىچىك شىركەتلەرنى ئەۋەتىدۇ — ئەمما ھۆكۈمەتكە ئۇيغۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىسى مانا بۇ.»

ئەمەلىيەتتە، بۇ خەۋپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خىتاي دەمەشىق بىلەن دىئالوگنى ساقلاپ قېلىش، موسكۋا بىلەن ماسلىشىش ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي خەتەرنى ئەڭ تۆۋەن چەكتە تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

زىددىيەت يەنىلا ھەل بولغىنى يوق. خىتاي ئۆزىنى تېررورلۇققا قارشى قورغان دەپ تونۇۋالىدۇ. ئەمما ئۆزى يوقاتماقچى بولغان قوراللىق ئۇنسۇرلارنى قانۇنلاشتۇرۇۋاتقان بىر ئىتتىپاقداشقا كۆز يۇمۇۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى بىتەرەپ مەبلەغ سالغۇچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئارزۇلىرى بىخەتەرلىك ئەندىشىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. خىتاي يەنە يەرشارىۋى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما سۈرىيەدە پەقەت پاسسىپ ھالدا خەۋپتىن ساقلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بېيجىڭ بىلەن دەمەشىق ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك مەسىلىدىنمۇ چوڭراق مەسىلە. بۇ دۆلەت ھالقىغان جىھادچىلىققا تاقابىل تۇرىمەن دەۋاتقان، قەد

كۆتۈرۈۋاتقان بىر كۈچنىڭ (يەنى خىتاينىڭ) ئىناۋىتى ئۈچۈن بىر سىناق تېشى بولۇپ، بىخەتەرلىك تەھدىتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر ياكى دىپلوماتىك رەت قىلىش ھوقۇقلىرىغا دائىملا باش ئېگىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. قىرغىنچىلىق، ئادەم تۇتۇش ۋە خورلاشلار داۋاملىشىۋاتقان تۇراقسىز سۈرىيە مەنزىرىسىدە، بېيجىڭنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى ئىستراتېگىيىلىك ئالدىن كۆرەرلىكتىن بەكراق، زىياننى تىزگىنلەشكە ئوخشاپ قالماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ئا. ئۇيغۇر تەرجىمىسى

مەنبە:

/https://thediplomat.com/2025/09/chinas-syria-quandary-uyghur-fighters-in-the-army



# تەپەككۇر ماشىنىسى

جېنسېن خۇاڭنىڭ ھاياتى
ھەققىدىكى كىتاب

ستيفن ۋت

# تەپەككۇر ماشىنىسى: جېنسېن خۇۋاڭنىڭ هاياتى ھەققىدىكى كىتاب

(جېنسېن خۇاڭ، Nvidia ۋە دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ ئارزۇ قىلىنىدىغان مىكرو ئۆزەك)

ستېفىن ۋىت

جېنسېن خۇاڭنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز (ھېكايىنى) «دېنىنى» رېستورانىدىن باشلىمايمىز، ياكى ئۇ كېيىنچە قۇرغۇزغان غايەت زور تېخنىكا سارايلىرىدىنمۇ باشلىمايمىز، بەلكى كېنتۇككى شتاتىدىكى كىچىك بىر يېزا مەكتىپىدىن باشلايمىز.

ئاپتور ستېفىن ۋىت («تەپەككۇر ماشىنىسى» ناملىق كىتابىدا) 1973 ـ يىلى ئامېرىكاغا كەلگەن تەيۋەنلىك كۆچمەن جېنسېن خۇاڭنىڭ ھېكايىسىنى ئەنە شۇ يېزا مەكتىپىدىن باشلىغان. جېنسېن خۇاڭنىڭ مەكتەپ ھاياتىدا ئەسكى باللارنىڭ بوزەك قىلىش نىشانى بولۇشىدىن تارتىپ، ھەر دائىم ئەڭ ياخشى بولۇشقا تىرىشىدىغان ئەقىللىق ئوقۇغۇچى بولغۇچە، «دېنىنى» دىكى مۇلازىمەتچىلىك ھاياتىدىن تارتىپ، كىرىمنى ۋادىسىدىكى AMD شىركىتىگە تۇنجى قېتىم خىزمەتكە چۈشۈشى ۋە بۇرۇنقى ساۋاقدىشى لورى مىللېر بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ۋە توي قىلىش جەريانلىرىغىچە، ئاخىرىدا ئۇنىڭ مىليارتلىغان دوللار مەبلەغكە ئىگە، تەڭداشسىز سۈنئىي ئەقىل ئۆزىكى ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىگە رەھبەرلىك قىلغۇچە بولغان جەريانلىرىنى بايان قىلىدۇ.

كىتابنى ئوقۇشۇمغا رىۋايەتلىك شىركەت Nvidia نى ۋە شۇ ئاجايىپ مىكرو ئۆزەكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تېخىمۇ بەك بىلىپ بېقىشقا بولغان قىزىقىشىم سەۋەب بولدى.

كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا مىكرو ئۆزەك لايىھەلەش ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك توپلاشتۇرۇلغان توك يولى (VLSI)، پاراللېل بىر تەرەپ قىلىش، ئويۇن گرافىك لايىھەلىرى، قاتتىق دېتال ۋە يۇمشاق دېتال توك يولى تەقلىدلىگۈچلىرى، «كۋادراتلىق تېكستۇرا خەرىتىلەش» (quadratic texture mapping)، نېرۋا تورلىرى ۋە «ماترىكس» ئىدىيىسى، يەنى خۇاڭنىڭ كىرېمنىي ۋادىسىدىكى ھەر خىل ئورۇنلاردا، شىركەتلەردە ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ Nvidia شىركىتىدە باشلامچىلىق قىلغان «ئويۇنچىلارنىڭ ئويۇننىڭ ئىچىدە ياشاشنى خالىشى» قاتارلىقلار ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيسىز.

كىتابتا خۇاڭنىڭ دوستى ۋە خىزمەتدىشى خورستمان، خۇاڭنىڭ LSI شىركىتىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان سۈركىلىشلەرنى ئەسلەپ بەرگەن ئەسلىمىسىگىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. خۇاڭ ئۇ شىركەتتە يىگىرمە نەچچە يېشىدىلا يىللىق كىرىمى 250 مىليون دوللار بولغان بىر بۆلۈمگە مەسئۇل بولغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ياشانغان ۋە تېخىمۇ تەجرىبىلىك خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ باشلىقى كوررىگان مۇرەسسە قىلىش ئۈچۈن Intel دىن بىر يۇقىرى دەرىجىلىك دىرېكتورنى مەسئۇلات لىنىيىسىنى بىرلىكتە باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان بولۇپ، خۇاڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن — ئىنژېنېرلارنىڭ لۇغىتىدىكى ئەڭ قوپال سۆزنى ئىشلىتىپ، بۇ تەكلىپ قىلىشنى «سىياسىي ئويۇن» دەپ ئاتىغان. خورستماننىڭ ئېيتىشىچە «خۇاڭ بۇ بۆلۈمنى نۆلدىن باشلاپ قۇرۇپ چىققان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىنغان ئىدى.» بەلكىم دەل مۇشۇ ھاقارەت خۇاڭنىڭ شىركەتتىن ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتتا Sun Microsystems دا ئىشلەيدىغان ئىككى ئىنژېنېر — پرىيىم (Priem) ۋە مالاچوۋسكى (Malachowsky) ئۆزلىرىنىڭ گرافىك بىر تەرەپ قىلغۇچ شىركىتىنى قۇرۇشنى قارار قىلغان ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئادەمنى بىزار قىلىدىغان مىجەز - خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغانلاردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا تالانت بار ئىدى. شۇڭا خۇاڭ (تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا) ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ستارت - ئاپ (start-up) شىركىتىنى باشقۇرۇش ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە بىردىنبىر تاللىشى ئىدى.

1993 - يىلى، «دېننىي»دا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، خۇاڭ ئۆزىنى قايىل قىلىپ بۇ يېڭى شىركەتكە قوشۇلغان. مەھسۇلات «گرافىك تېزلەتكۈچ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، كەم دېگەندە 35 رىقابەتچى شۇنداق بىر نەرسىنى ياساشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تېخى ئىسمى قويۇلمىغان شىركەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى پرىيىم، مالاچوۋسكى ۋە خۇاڭ پالو ئالتودىكى ئادۋوكات جىم گايتېرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، شىركەتنى تىزىمغا ئالدۇرماقچى بولغان. ستارت - ئاپنىڭ ئىسمى يوق بولغاچقا، ۋاقىتلىق ئورۇن ئىگىلەش ئۈچۈن «NV» يەنى «New Venture» (يېڭى كارخانا) دەپ تىزىملىتىپ تۇرغان. بۇ بىر ھەيران قالارلىق تاسادىپىيلىق ئىدى. چۈنكى پرىيىم بىلەن مالاچوۋسكى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تىپتىكى (prototype) گرافىك ئۆزىكىنى ئالدىبۇرۇن NV1 دەپ ئاتىغان ئىدى. تىزىملىكتىن تاللانغان ئاخىرقى ئىسىم «Nvidia» بولۇپ، ئۇ لاتىنچىدىكى «ھەسەت» (envy) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «invidia» سۆزىدىن كەلگەن.

خۇاڭنىڭ Nvidia دىكى ئەڭ كۈچلۈك دو تىكىشى بولغان CUDA — GeForce كارتىلىرىنى GPU (ئادەتتىكى بىر تەرەپ قىلىش بىرلىكى) غا ئايلاندۇرۇپ تېزىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولۇپ، پاراللېل بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشلىتىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. بۇنىڭ ئۇنۇمى خۇددى «سىز بىر كۇنۇپكىنى بېسىپ، كارتىنى ئۆزگەرتىۋەتسىڭىز، تۇيۇقسىز كارتا دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرغا ئايلىنىپ قالغاندەك» ئىش ئىدى. بۇ ئارقىلىق Nvidia نىڭ خېرىدارلىرى ئويۇنچىلاردىن تارتىپ ئالىملارغىچە كېڭەيدى. ئالىملار گەرچە بۇنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئەمما سانى ئاز ۋە مەبلىغى كەمچىل ئىدى.

كىتابنىڭ 2- قىسمىدا ئاپتور Nvidia نىڭ كىچىك گرافىك بىر تەرەپ قىلغۇچ شىركىتىدىن دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سۈنئىي ئەقىل (AI) شىركىتىگە ئايلىنىش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە

مەغلۇبىيەتلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرېمنىي ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادىي قائىدىلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگىمۇ نەزەر تاشلايدۇ. ئەمما Nvidia ھەر ۋاقىت خىزمەتكە چۆكۈپ كەتكەن ۋە ئۆزىنى بېغىشلىغان جېنسېن خۇاڭنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالاھىدە تالانتلىق، سادىق ۋە قىزغىن كومپيۇتېر ۋە يۇمشاق دېتال مۇتەخەسسىسلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ (ئۇلار دائىملىق 14 سائەتلىك، ھەپتىدە 7 كۈنلۈك خىزمەتتىن قاچمايدۇ) رەھبەرلىكى ئاستىدا گۈللەندى.

كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاتوم چوڭلۇقىدىكى ترانزىستورلۇق ئۆزەك قۇرۇلمىسى، پاراللېل بىر تەرەپ قىلىش كومپيۇتېرلىرىدىكى نېرۋا تورلىرى ۋە سۈنئىي ئومۇمىي ئەقلىنىڭ تەسۋىر ۋە ئاۋاز مەشىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىدۇ.

ئاپتور يەنە ھاسىل قىلغۇچى سۈنئىي ئەقىل (generative AI) نىڭ تالاش ـ تارتىشلىق ئەخلاقىي ۋە سىياسىي تەرەپلىرى، خەۋپ ـ خەتەرلىرى ۋە پايدىلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، يەكۈننى ئوقۇرمەنلەرنىڭ چىقىرىشىغا قويۇپ قويىدۇ.

Nvidia نىڭ يېڭى H100 GPU لىرىنى ھازىر ئىچكى قىسىمدىكىلەر سۈنئىي ئەقىل ئىقتىسادىنىڭ «يېڭى نېفتى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ستېفىن ۋىت دۇنياۋى ئالىملار، OpenAI دىن تارتىپ Microsoft قىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تارتىپ ھەتتا بىتكوين ساھەسىدىكىلەرگىچە، جۇملىدىن ھەممەيلەننىڭ بۇ ئۆزەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق بەسلىشىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ Nvidia نى يەرشارى كۆچ قۇرۇلمىسى ۋە تەمىنلەش زەنجىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر «بوغۇز» غا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

**خۇلاسە**

21 ـ ئەسىردىكى تېخنولوگىيىلىك تەرەققىياتلارغا، مەبلەغ سالغۇچىلارغا، سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەرگە ۋە بۇ ساھەدىكى لېدىرلارغا قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن «تەپەككۇر ماشىنىسى» (The Thinking Machine) ناملىق ئەسەر چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابتۇر. ستېفېن ۋىت پەقەت جېنسېن خۇاڭ ۋە ماشىنا ئۆگىنىمىنىڭ (machine learning) ھېكايىسىنىلا سۆزلەپ بەرمەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن كىمنىڭ پايدا ئالىدىغانلىقىنى، كىمنىڭ تىزگىنلەيدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن Nvidia نىڭ بۇ تەڭلىمىنىڭ دەل مەركىزىدە تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق، جېنسېن خۇاڭنىڭ پەقەت بىر باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى (CEO) لا ئەمەس، بەلكى زامانىۋى تېخنولوگىيە ساھەسىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك شەخسلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە كۈچلۈك دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ.

ئاخىرقى بۆلۈمدە، ستېفىن ۋىت كىتابىنى نەشر قىلىشتىن بۇرۇن جېنسېن خۇاڭنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زىيارەت قىلغاندىكى ئەھۋالنى، يەنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر سانلىق مەلۇمات مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئون مىڭ ئۆزەكلىك «Eos» (Nvidia نىڭ ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇمات مەركىزىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرى) نى كۆرگىنىنى بارغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. «Eos» ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە تېز ئىدى. سىپلىشتۇرما قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ OpenAI نىڭ GPT ـ 3 مودېلىنى تۆت مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەشىقلەندۇرگەن. ئاپتورنى ئۇ يەردە پېشقەدەم، دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېر ئىنژېنېرى مارك ھامىلتون كۈتۈۋالغان. ھامىلتون ئاپتورنى مىكروبسىز سانلىق مەلۇمات مەركىزى قەۋىتىگە باشلاپ كىرگەن. ئۇ يەردە تام بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بۆلەكلەرگە ئايرىلغان نەچچە ئونلىغان Nvidia قاتتىق دېتال جازىلىرى فلۇئورېسېنسىيە چىرىغى ئاستىدا ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى.

«ئۇ بىر گۈزەل پەيت ئىدى. مەن بولسام ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچنېمە ئەمەس ئىدىم. ئۇ بىر تەپەككۇر ماشىنىسى ئىدى. شامالدۇرغۇچنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى، توك يولىنىڭ ھەر بىر تەۋرىنىشى بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئەقىللىقلىشىۋاتاتتى.»

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ سۈنئىي ئەقىلنىڭ بىزنىڭ كەلگۈسىمىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدىكى ئەندىشىسى سەۋەبىدىن مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://opsjournal.org/DocumentLibrary/Uploads/Jensen%20Huang_final.pdf



# ئاۋام پىسخىكىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىشى

توكيېتىمۇ ئوۋوۋورىل

# ئاۋام پىسخىكىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزدە ئىپادىلىنىشى

توكىتىمۇ ئۇۋۇۋورىل

ئاۋام پىسخىكىسى پۇقرالارنىڭ ياكى توپلۇمنىڭ پىسخىكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر خىل پىسخىكىلىق ھادىسە بولۇپ، بىر توپلۇمدىكى كىشىلەرنىڭ شۇ توپلۇمدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى، ھەرىكىتى ياكى پوزىتسىيىسىگە ئەگىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل خاھىش كىشىلەرنىڭ قارار چىقىرىش ياكى ھەرىكەت قىلىشىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمى ياكى خاسلىقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن بولىدۇ.

## ئاۋام پىسخىكىسىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى مىساللىرى

ئاۋام پىسخىكىسىنى تارىخىي ۋە پەرەز قىلىنغان ئەھۋاللاردىن، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن بايقىغىلى بولىدۇ، يەنى، مودا ئېقىمىدىن تارتىپ مەبلەغ سېلىش، ھەتتا سىياسىي ھەمكارلىققىچە.

تۆۋەندە ئاۋام پىسخىكىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەسىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر قانچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

پاي بازىرىدىكى كۆپۈكلەر: مەبلەغ سالغۇچىلار چوڭ ئېقىمغا ئەگىشىپ قىممىتى ئېشىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان پاي چېكىنى سېتىۋېلىپ، پۇل مۇئامىلە كۆپۈكى ۋە كېيىنكى كاساتچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئىنتېرنېت ۋە ئۆي-مۈلۈك ساھەسىدىكى كۆپۈكلەر مانا مۇشۇ ئاۋام پىسخىكىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان بازارنىڭ مۇقىمسىزلىقى ۋە ئىقتىسادىي زىياننىڭ تىپىك مىسال.

مودا ئېقىمى: كىشىلەر ھەمىشە مودا كىيىملەرنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ماركىلىرىنى تاللاشتا، كۆپچىلىكنىڭ ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مودا ئېقىمغا قارا-قويۇق ئەگىشىش ۋە تېزلا ۋاز كېچىش قىلمىشى مۇھىت ھەم ئىقتىسادقا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، مەسىلەن، ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق ۋە شەخسىي مالىيىگە بېسىم ئەكىلىش دېگەندەك.

ئىجتىمائىي تاراتقۇ: ۋابادەك تېز تارقىلىۋاتقان مەزمۇنلار ۋە قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىۋاتقان ھېساباتلارغا ياكى مودا بولۇۋاتقان قىلمىشلارغا ئەگىشىش قاتارلىقلارنىمۇ ئاۋام پىسخىكىغا مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەر ئەكس سادا چەمبىرىكى (Echo chambers) شەكىللەندۈرۈپ، بۇ چەمبىرەك دائىرىسى ئىچىدە كىشىلەر ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئېتىقادى ۋە مايىللىقىغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئوخشىمىغان، ھەر تەرەپلىمە كۆز قاراشلار بىلەن ئۇچرىشىشى چەكلىنىدۇ. ئۇچرايدۇ ھەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان بىر تەرەپلىمە قاراشنى كۈچەيتىدۇ.

سىياسى ھەرىكەتلەر: كىشىلەرنىڭ مودا ئېقىم كۆز قاراشلىرى ۋە ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىشى نورمال ئەھۋال، ھەتتا ئاشۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيىلەرنى يېتەرلىك چۈشەنمىگەن ياكى قوللىمىغان تەقدىردىمۇ. تارىختىكى ئاشقۇن سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ قوزغىلىشىدىكى بەزەن سەۋەبلەر ئاۋام پىسخىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى كىشىلەر چەتكە قېقىلىشتىن ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ ئاساسلىق ئېقىمغا قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بۇنىڭ بىر ئاساسلىق مىسالى.

ئەندىشىلىك سېتىۋېلىش: كىشىلەر مەلۇم كرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، ئالاقزادىلىك ئىچىدە موھىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى زاپاس ساقلىۋېلىش سەۋەبىدىن، نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرىۋېتىشى مۇمكىن. COVID-19 ۋاباسى تارقالغان مەزگىللەردە، تازىلىق قەغىزى، قول يۇيىدىغان سوپۇن ۋە ماسكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ۋەھىمە ئىچىدە كەڭ-كۆلەمدە سېتىۋېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ، ئارتۇقچە بېسىم ۋە خىرىس پەيدا قىلغان.

## ئاۋام پىسخىكىسىنىڭ ئالامەتلىرىنى قانداق بايقىغىلى بولىدۇ؟

ئۆزىمىز ۋە باشقىلاردىكى ئاۋام پىسخىكىسىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالامەتلەردىن بايقىيالايمىز:

ماسلىشىشچانلىق: كىشىلەر ئىلگىرى ئوخشىمىغان پىكىردە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان ئېتىقاد ياكى ھەرىكەتلىرىنى كۆپ سانلىقلار بىلەن ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. بۇ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، يەنى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى كەڭ تارقىلىۋاتقان پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشتىن تارتىپ، ئەڭ يېڭى مودا ئېقىمغا ئەگىشىشكىچە.

ئارتۇقچە ئىلتىماسلىق ئەندىشىسى: مودا ئېقىم ياكى پائالىيەتلەردە ئارتۇقچە ئىلتىماسلىق ياكى چەتتە قېلىش ئەندىشىسى كىشىلەرنى ماسلىشىشقا مەجبۇرلايدۇ. FOMO كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قارار چىقىرىشقا يېتەكلەيدۇ ھەمدە ئەڭ يېڭى خەۋەر، يۈزلىنىش ۋە ۋەقەلەرنى بىلىپ، داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشقا موھتاج قىلىدۇ.

گۇرۇپپىلاشقان قۇتۇپلىشىش: كىشىلەر بىر گۇرۇپپا ئىچىدە ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسەتكەندە، تېخىمۇ ئاشقۇن ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىپ، گۇرۇپپىنىڭ كوللېكتىپ ئېتىقادىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئاز سانلىقلارنىڭ كۆز قارىشى چەتكە قېقىلىدىغان، گۇرۇپپا ئەزالىرى ئورتاق پىكىرلەرنى تەنقىدسىز ئويلاش ھەمدە مۇۋاپىق قارار چىقىرىشنىڭ ئورنىغا كوللېكتىپنىڭ پىكرىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

قارشى پىكىرنى باستۇرۇش: كىشىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان كۆز-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى ھازىرقى ئەھۋالغا جەڭ ئېلان قىلىشنى خالىماسلىقى، پىكىر ۋە قارار چىقىرىشتا ئەتراپلىق بولالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا، بۇ خىل باستۇرۇش تەنقىدىي ئاۋازلارنىڭ جىمىقتۇرۇۋېتىلىشى سەۋەبىدىن، يوشۇرۇن مەسىلىلەر ياكى باشقىچە كۆز قاراشلار يېتەرلىك ئېتىبارغا ئېرىشەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.

ئاۋام پسىخىكىسىنىڭ ئارقىسىدىكى پرىنسىپلارنى چۈشەنگەندە ئۇنىڭ ھاياتىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تونۇپ يېتىمىز ھەمدە قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئاقىلانىلىق بىلەن تاللاشنى ئۆگىنەلەيسىز. ئاۋام پسىخىكىسىنىڭ تەسىرىنى تونۇپ يەتكىنىمىزدە، كۈچلۈك ئىجتىمائىي بېسىمغا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ خاسلىقى ۋە ئۆز-ئەركىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز.

## نېمىشقا ھېچ ھاجىتى بولمىغان چاغلاردىمۇ كىشىلەر توپىغا ئەگىشىمىز؟

ئاۋام پسىخىكىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئىجتىمائىي تەسىرى. ئىنسانلار ئەسلىدىنلا ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بولغاچقا ھەمىشە باشقىلاردىن يوليورۇق سوراشقا ياكى تەستىق ئىزدەشكە مۇھتاج بولىدۇ، بولۇپمۇ ئېنىقسىز ئەھۋاللاردا تېخىمۇ شۇنداق. بۇ تەبىئىي ھالدا ماسلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ئاسانلىقنى قوغلىشىشقا مايىل بولۇپ، تەنقىدىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا بەزىدە باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە يېتەكلىشىگە تايىنىشنى راۋا كۆرىدۇ. ھېسسىي جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ مەسىلى جەزملەشتۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىكى بولۇپ، بۇ ئاۋام پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەمدە ئۆزىدە بار بولغان ئېتىقادنى قوللاشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى تاللاش ۋە ئىزدەشكە ھەسسە قوشالايدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەردىمۇ توپلۇمنىڭ قائىدىلىرىگە ماسلىشىش ۋە تەۋە بولۇش ئېستىكى بولىدۇ، بۇ بىختەرلىك تۇيغۇسى ۋە قوبۇل قىلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە كىشىلەر قوشنىلىرىنىڭ پىكرى ۋە قىلىقلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، بەزىدە يەكلىنىشتىن ئەنسىرەپ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

كىشىلەر باشقىلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ توغرا ئۇچۇرنى ئاساس قىلغانلىقىغا ئىشەنگەندە شۇلارغا ئەگىشىپ، دومىنو ئېففېكتى (Domino effect) پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ توغرا بولمىغان ياكى خاتا يېتەكلەيدىغان ئېتىقاد ياكى ھەرىكەتلەرنىڭ پۈتۈن گۇرۇپپىدا تېز تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ئاۋام پسىخىكىسى ھەمىشە يامان ئىشمۇ؟

ئاۋام پسىخىكىسى قىسمەن ئەھۋاللاردا، ئاكتىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلالايدۇ:

بىلىم كەمچىل بولغاندا: كىشىلەرنىڭ بىلىمى ياكى تەجرىبىسى چەكلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تاللىشىغا ئەگىشىش تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە باشلايدۇ، چۈنكى بىر توپلۇمدىكى كوللېكتىپنىڭ بىلىمى ھەر قانداق بىر شەخسنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ھەمكارلىق توغرىلىقنى ئاشۇرغاندا: مەسىلەن، مەسىلىلەرنى ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىش ياكى پەرەز قىلىش چارىسى كۆپىنچە ھاللاردا ئايرىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. ۋىكىپېدىيە قاتارلىق تور ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇنىڭ بىر مىسالى. ۋىكىپېدىيە كوللېكتىپنىڭ بىلىمى ۋە تىرىشچانلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئابونتلار زور مىقداردىكى ئەسەرلەرنى توپلاش، يېڭىلاش ۋە قوغداشقا مەسئۇل.

كوللېكتىپنىڭ ئىناقلىقى مۇھىم بولغاندا: بىر توپلۇمدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش قائىدىگە ئەمەل قىلغاندا، گۇرۇپپا ئەزالىرى تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىشالايدۇ ۋە تېخىمۇ باغلىنىشنى ھېس

قىلالايدۇ. بۇنداق قىلىش، بولۇپمۇ بىر تۈر ئۈستىدە ھەمكارلاشماقچى بولغاندا ياكى كوللېكتىپ قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە ئىنتايىن مۇھىم.

چوقۇم تېز قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە: تېز قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، گۇرۇپپىتىكى كوللېكتىپنىڭ ھۆكۈمگە تايانغاندا، جەريانى تېزلىتىپ، ۋاقىتنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش كرىزىسقا ياكى قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلگەندە تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە پايدىلىق.

قانداقلا بولمىسۇن، تولۇمغا ئەگىشىشنىڭ يوشۇرۇن پايدىسى ۋە خەۋپ-خەتىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇش كېرەك، بۇ شەخسىيەتنىڭ باستۇرۇلۇشى، خاتا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى ۋە كوللېكتىپنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن خاتا قارار چىقىرىش ئېھتىماللىقى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### ئۆزى ئۇچۇن ئويلاشنى ئۆگىنىش

ئاۋام پسىخىكىسىغا ئەگىشىشكە قارشى تۇرۇش ھەمىشە ئۇنداق ئاسانغا توختىمايدۇ، بولۇپمۇ ئەتراپىڭىزدىكى ھەممەيلەن مەلۇم ئۇسۇلدا ئويلىنىۋاتقان ياكى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك بىلىنگەندە. قانداقلا بولمىسۇن، ئۆزى ئۇچۇن ئويلاشنى بىلىش، نىشانى ۋە قىممەت قارىشىغا ماس كېلىدىغان، ئىشەنچلىك قارارلارنى چىقىرىشتا ئىنتايىن مۇھىم.

ئاۋام پسىخكىسىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە خاسلىق ئېڭىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن، تۆۋەندىكى ئىستراتېگىيەلەرنى يولغا قويۇشنى ئويلىشىپ بېقىڭ:

ئۆزىڭىزگە بولغان تونۇشنى يېتىلدۈرۈڭ: قىلمىشلىرىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئۆزىڭىزنى ئەكس ئەتتۈرىۋاتقان ياكى تاشقى بېسىملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۇچۇن، دائىم پرىنسىپلىرىڭىز، ئېتىقادىڭىز ۋە مايىللىقىڭىز ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرۇڭ. قەرەللىك ھالدا ئۆزىڭىز ھەققىدە ئويلۇنۇشنى داۋاملاشتۇرسىڭىز، ئېخىمۇ كۈچلۈك كىملىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولىسىز ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئېخىمۇ توغرا قارارلارنى چىقىرالىشىڭىز مۇمكىن.

تەنقىدىي تەپەككۇرنى قوبۇل قىلىڭ: ئومۇملاشقان پىكىرلەر ۋە يۈزلىنىشلەرنىڭ توغرىلىقىغا سۇئال قويۇڭ، قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنى ئۆلچەڭ. كۈچلۈك تەنقىدىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەندە ئاۋام پسىخكىسىنىڭ جەلپ قىلىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە ئەمەلىي تاللاش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ھەر خىل كۆز قاراشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش: ئوخشىمىغان كۆز قاراش، ئارقا كۆرۈنۈش ۋە تەجرىبىگە ئىگە كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، مەسىلىلەر ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، كوللىكتىپ تەپەككۇردىن ساقلىنىش. ئاكتىپلىق بىلەن ئوخشىمىغان قاراشلار ئۈستىدە ئىزدەنگەنىنىڭ ئۆزىنىڭ قىياسلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە ھەمدە مۇرەككەپ تېمىلارنى تېخىمۇ ئىنچىكە چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ.

ئېنىقسىزلىقتىن ئەنسىرەپ كەتمەسلىك: قىسمەن ئەھۋاللاردا ئېنىقسىزلىق ھېس قىلىشنىڭ نورمال ئىش ئىكەنلىكى، كۆپچىلىككە ئەگىشىشنىڭ ھەمىشە ئەڭ ياخشى تاللاش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىش. ئېنىقسىزلىقنى قوبۇل قىلىش ئۆز ھېس-تۇيغۇڭىزغا ئاساسەن قارار چىقىرىشىڭىزغا ھەمدە بېسىمغا قارشى تۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى ئاشۇرۇش: غۇرۇرىڭىز ۋە ئۆز ھۆكۈمىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز كۈچەيگەندىلا مۇستەقىل قارار چىقىرالايسىز. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئاشقاندىلا ئاۋام پسىخىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئوڭۇشلۇق تاقابىل تۇرغىلى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ مۇستەقىل ۋە قەيسەرلىك بىلەن ھەل قىلغىنى بولىدىغان يول تاپقىلى بولىدۇ.

ئاۋام پسىخىكىسىغا قارشى تۇرۇش ۋە مۇستەقىل تاللاش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ۋە جەمئىيىتىمىزنى ياخشىلىيالايمىز. بۇ دېگەنلىك تەنقىدىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خاسلىقىمىزنى قەدىرلەش دېگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق شەخسنىڭ مۇستەقىل پىكرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا كوللېكتىپ قارار چىقىرالايدىغان تېخىمۇ كۆپخىللاشقان ھەمدە سىغدۇرۇشچان جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

**مۇھىم نۇقتىلار**

ئاۋام پسىخىكىسى دېگەنلىك كىشىلەر توپىغا ئەگىشىش خاھىشى بولۇپ، ھەمىشە شەخسىي ھۆكۈمنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ مودا ئېقىم، سىياسىي ساھەلەردىكى قىلمىشلىرىغا ھەمدە كرىزىسقا دۇچ كەلگەن چاغدىكى ئىنكاسىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

ئاۋام پسخىكىسىنىڭ ئالامەتلىرى قۇتۇپلىشىش، يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەش ۋە ماسلىشىش بېسىمى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل پىكىرنى باستۇرۇپ، ئوخشىمىغان ئوي-پىكىرلەرنىڭ بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ئاۋام پسخىكىسى ھەمىشە زىيانلىق بولمىسىمۇ، سۈپەتسىز قارارلارنىڭ ئېلىنىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى بىلىش، تەنقىدىي پىكىر يۈرگۈزۈش، ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئېنىقسىزلىقتىن بەك ئەنسىرەپ كەتمەسلىك كېرەك.

ئىنگلىسچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.verywellmind.com/how-herd-mentality-explains-our-behavior-7487018

مىسلىسىز ئويغىنىش



# خىتاينىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تۈگىمەس زۇلۇمنى يوشۇرالمايدۇ

يالقۇن ئۇلۇغيول

# خىتاينىڭ ئۇرۇنۇشلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان تۈگىمەس زۇلۇمنى يوشۇرالمايدۇ

يالقۇن ئۇلۇغيول

(كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى تەتقىقاتچىسى)

2016 - يىلى ئىيۇندا قۇمۇلدىكى ئۆيۈمگە قىلغان ئاخىرقى قېتىم سەپەر قىلدىم. ئۇ چاغدا مەن تېخى چەتئەلدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر ياش ئىدىم. مەن شۇ قېتىملىق سەپىرىمنىڭ يۇرتۇمغا قىلغان ئاخىرقى سەپىرىم، بوۋا- مومىلىرىم بىلەن يېگەن ئاخىرقى تامىقىم، دادام بىلەن بولغان ئاخىرقى قۇچاقلىشىشىم ۋە ئۆزۈمنى شۇ تۇپراقتا تەۋە دەپ ھېس قىلغان ئاخىرقى پەيتىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدىم.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىر مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنى كەڭ كۆلەملىك خالىغانچە تۇتۇپ - سولاش ھەرىكىتىنى باشلىدى.

خىتاي دائىرىلىرى كىشىلەرنى رەسمىي نامى «كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركەزلىرى» دەپ ئاتالغان سىياسىي قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە تېگىشلىك قانۇنىي تەرتىپلەردىن ئۆتكۈزمەيلا قامىدى.

2016 - يىلدىن بۇيان، مەن ئىشلەۋاتقان تەشكىلات ۋە باشقا تەشكىلاتلار يۇرتۇمدىكى قىيناش، مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىلىش، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش، كۇلتۇرەل ۋە دىنىي زىيانكەشلىك، ئائىلىلەرنى ئايرىۋېتىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىقلارنى خاتىرىلەپ كەلدى.

2022 - يىلى ئاۋغۇستتا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دوكلاتنى ئېلان قىلىپ، بۇ دەپسەندىچىلىكلەرنىڭ «خەلقئارالىق جىنايەتلەرنى، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى شەكىللەندۇرۇشى مۇمكىن»لىكىنى بىلدۈردى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنى رايوندىكى «ئەركىنلىكىدىن خالىغانچە مەھرۇم قىلىنغان بارلىق شەخسلەرنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن دەرھال تەدبىر قوللىنىش»قا دەۋەت قىلدى.

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى دوكلاتنىڭ يەكۈنلىرى ۋە تەكلىپلىرىنى «قانۇنسىز ۋە ئىناۋەتسىز» دەپ داۋاملىق ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە. خىتاي يەنە رايوندا بىر خىل «نورماللىق» تۇيغۇسى يارىتىشقا ئۇرۇنۇش ئارقىلىق تەشۋىقاتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ھالبۇكى، BDT كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈرك ئۆتكەن يىلى ئېيتقاندەك، شەرقىي تۈركىستاندا «نۇرغۇنلىغان ناتوغرا قانۇن ۋە سىياسەتلەر يەنىلا مەۋجۇت.»

ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان تەخمىنەن يېرىم مىليون كىشى يەنىلا قاماقتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە دىنىي زاتلار بار.

چەتئەلدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن مېنىڭمۇ ئائىلە ئەزالىرىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىز يەنىلا ئاساسەن يوق ياكى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ھالەتتە. بەزىلەر ھەتتا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ياكى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىلگەن يېقىنلىرىنىڭ ئۆلۈك تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ.

باستۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن تارتىپلا، دوستلىرىم ۋە تۇغقانلىرىم مېنى ئۈندىداردىن (WeChat) ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە تېلفۇنلىرىمنى ئالماس بولدى. چۈنكى مەن چەتئەلدە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە نىسبەتەن بىر «تەھدىت»كە ئايلىنىپ قالغان ئىدىم.

مەن ئۈندىدارىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كىشى — يەنى سودىگەر ۋە سابىق مەمۇر بولغان دادام مەمەت ياقۇپ بىلەن بولغان ئالاقىدىن 2018 - يىلى ئىيۇندا مەھرۇم قالدىم.

ئۇنىڭ يۈرتۇمدىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىككى يىل ۋاقتىم كەتتى. خىتاي دائىرىلىرى ئۇنى چەتئەلدە تۇغقانلىرى بار بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىشەنچسىز» كىشى دەپ تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆرۈمچىگە يېقىن بىر تۈرمىدە 16 يىللىق قاماق جازاسىنى ئۆتەۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە ئىككى يىل ۋاقتىم كەتتى.

مەن ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېنىق ئورنىنى، سالامەتلىك ئەھۋالىنى، ھەتتا ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېسىلگەنلىكىنى بىلمەيمەن.

بېيجىڭ يېقىندىن ئۇچۇن ئاۋاز چىقارغان چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى يالغانچىغا چىقىرىدۇ ۋە «چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تەھدىت سېلىش ۋە ئۈچ ئېلىش شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ.

چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش ۋە تەشۋىقاتنىڭ بىرىكمىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ساياھەت چەكلىمىلىرىدە ئېنىق كۆرۈلىدۇ. خىتاي پەقەت ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭلا شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشىغا ياكى شەرقىي تۈركىستاندىن چەتئەلگە سەپەر قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى بىلەن جەم بولۇش ئارزۇسىدىكىلەرنى قاتتىق تەكشۈرىدۇ.

مۇھاجىرلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلدارلار زىيارەتكە بارغان ئۇيغۇرلارغا ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ھەققىدە ئۇچۇر توپلاشنى بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇلارنى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسەتلىرىنى ماختاشقا مەجبۇرلايدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ساياھىتىگە قاتناشقان بىر ئۇيغۇر ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن ئائىلەمنى كۆرۈش ئۈچۈن يەنە بىر پۇرسەتنىڭ بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، شۇڭا مەن بۇ ساياھەتكە قاتنىشىشنى تاللىدىم».

خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەل دىپلوماتلىرى، تاراتقۇلار ۋە بەزى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنداق تەشۋىقات ساياھەتلىرىنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندا ھەممە ئىشنىڭ نورماللىقىنى تەشۋىق قىلماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆزەتكۈچىلەر ۋە BDT كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىل ۋە توسالغۇسىز ھالدا كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى.

مەن ئىيۇن ئېيىدا تۇنجى قېتىم BDT نىڭ جەنۋەدىكى باش ئىشتابىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر تەسىرىنى ھېس قىلدىم. بەزى دىپلوماتلار مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى، ھەتتا شەخسىي كۆرۈشۈشنىمۇ رەت قىلدى. بەزى پائالىيەتچىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەن بىلەن باش شتابنىڭ سىرتىدا كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى.

بىر BDT مۇتەخەسسىسى تەمكىنلىك بىلەن: «يۈرتىڭىزدا ھېچكىمىڭىز يوق بولسا كېرەك» دېدى. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق مېنىڭ BDT نى زىيارەت قىلىپ، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى مۇزاكىرە قىلىشىمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قالغان تۇغقانلىرىمغا ئېلىپ كېلىدىغان يوشۇرۇن ئاقىۋەتلىرىنى ئېتىراپ قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەلدىكى خىتايىنى تەنقىدلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى، BDT ۋە ئالاقىدار ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاۋاز چىقىرىشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ.

بەزى دىپلوماتلار مەندىن BDT كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىنىڭ سىنتەبىردىكى يىغىنى مەزگىلىدە ۋە BDT نىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك دوكلاتىنىڭ ئۈچ يىللىقىنى خاتىرىلەشتە شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىكلەر ھەققىدە ئاشكارا بايانات ئېلان قىلىشىنىڭ يەنىلا ئەھمىيىتى بار - يوقلۇقىنى سورىدى.

جاۋاب شۇكى، ئەلۋەتتە ئەھمىيىتى بار.

كېلەر يىللىق خاتىرە كۈنىدىن بۇرۇن، ئالىي كومىسسار شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار يېڭى دوكلات ئېلان قىلىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشىگە مەلۇمات بېرىشى كېرەك.

ھۆكۈمەتلەر خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇلغان ھەر بىر كىشىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا نىشانلىق جازا يۈرگۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىشى لازىم.

مېنىڭ يۇرتۇمدا يېقىنلىرىم بار. بەزىلىرى بىلەن، جۇملىدىن بوۋا - مومىلىرىم بىلەن ۋىدالىشىشىمغا ئۇلگۈرمەستىنلا ئۇلار ئالەمدىن ئۆتتى.

مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت مېنىڭ ھېكايەملا ئەمەس. تاكى بارلىق ناھەق قامالغانلار شەرتسىز قويۇپ بېرىلگىچە ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغىچە، مەن بېيجىڭنىڭ باستۇرۇشىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىمەن. BDT ۋە ئالاقىدار ھۆكۈمەتلەرمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئا. ئۇيغۇر تەرجىمىسى

https://thehill.com/opinion/international/5486415-uyghur-detention-xinjiang-abuses/


ساغلاملىق
بەختلىك نىكاھنىڭ سىرلىرى
مىچىل شارلوپ

# بەختلىك نىكاھنىڭ سىرلىرى

مىجىل شارلوپ

مەن ئۇرۇق-تۇققان ۋە دوستلىرىمدىن،ئۇلارنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنىڭ سىرلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئۆتۈنگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ قايتۇرغان ئاقىلانە جاۋابلىرىدىن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. ئىشىنىمەنكى، ئۆمۈرلۈك ھەمدە بەختلىك نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ بۇ «سىرلىرى» نى ئوقۇشتىن چوقۇم ھۇزۇرلىنىسىز.

«ئېرىم ئىككىمىز كۈلۈشنى ياخشى كۆرىمىز! بىز بىر-بىرىمىزگە دائىم تەبەسسۇم ھەم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىمىز. روھىمىزنى تېتىك تۇتۇشقا ھەمدە مۇمكىن قەدەر كۆڭۈللۈك خىزمەت، تۇرمۇش بېسىمىنى بەك جىددىيگە ئالماسلىققا تىرىشىمىز. بىرەر جىددىي مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىشكە توغرا كەلگەندە، ھەر ئىككىلىمىز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا ۋاقىت ئاجرىتىمىز. ھەر ئىككىمىز ئۆز پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن بىرلىكتە ھەل قىلىش چارىسى ئىزدەيمىز».

- توي قىلغىنىغا بىر ھەپتە بولغانلار

«مېنىڭچە ھەمىشە راستچىل بولۇش ۋە جۆرىسى بىلەن چىن ھېس-تۇيغۇسىنى ئورتاقلىشىش بەكمۇ مۇھىم، شۇنداق بولغاندا سەلبىي ھېسسىياتلار يىغىلىپ قېلىپ، كېرەكسىز تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە جۆرىڭىزنى قوللاشمۇ مۇھىم، شۇنداق قىلسىڭىز جۆرىڭىز ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىدۇ».

- توي قىلغىنىغا 2 يېرىم يىل بولغانلار

«ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىككىنچى تۇمۇشىمىز ھېساپلىنىدۇ. مېنىڭچە ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، قارشى تەرەپكە ئېتىبارسىز قاراۋاتقاندەك خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويماسلىق بەكمۇ موھىم. بۇرۇنقى تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن ئۇششاق ئىشلار، مەسىلەن: ئۆي ئىشلىرى، مەن بۇ ئىشنى قىلغاندىكىن، شۇڭا سىزمۇ ئۇ ئىشنى قىلىشىڭىز كېرەك دېگەندەك گەپ سۆزلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىشىگە يول قويمىدۇق. پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدۇق، چۈنكى ھەر ئىككىمىزمۇ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە بالىلىرىمىز بىلەن ئالدىراش. كۈندە دېگۈدەك چىن كۆڭلىمىزدىن چىقىرىپ مەن سىزنى سۆيىمەن دەپ تۇرۇش ۋە شۇنداق قىلىشقا تىرىشىمىز».

-توي قىلغىنىغا 8 يىل بولغانلار

«مېنىڭچە بەختلىك نىكاھ تۇرمۇشىدا، ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشىش ۋە ئىشىنىش ھەممىدىن موھىم».

-توي قىلغىنىغا 8 يىل بولغانلار

«بەختلىك نىكاھىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبلىرىنىڭ بىرى كۈلكە. ئېرىم مەن بىلىدىغان ئەڭ قىزىقچى ئادەم. تالاش-تارتىشىمىزنىڭ قانچىلىك كەسكىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرى مېنى تىنچلاندۇرالايدۇ. بىزنىڭ ئۆيدىن كۈلكە ئاۋازى ئۈزۈلمەيدۇ. كونىلار كۈلكە ئەڭ ياخشى دورا دەيدىكەن، مېنىڭچە ھەقىقەتەن شۇنداق».

-توي قىلغىنىغا 12 يىل بولغانلار

«ئېرىم بىلەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى قاتتىق ھۆرمەت قىلىمىز، ھەمدە ئۆي ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىمىز جەھەتتىمۇ».

-توي قىلغىنىغا 12 يىل بولغانلار

«بىر-بىرىمىزگە ۋە نىكاھىمىزغا پۇتۇنلەي سادىق، بىر-بىرىمىزنى چوڭقۇر ياخشى كۆرىمىز، بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيمىز ۋە ۋاقتى كەلگەندە مۇرەسسەمۇ قىلىمىز».

-توي قىلغىنىغا 13 يىل بولغانلار

«ئىككىمىز ئەڭ ياخشى دوستلاردىن، ئايدا كەم دېگەندە بىر قېتىم كەچلىك ئۇچرىشىشقا چىقىمىز. ھەممىشە بىر-بىرىمىزگە بولغان سۆيگۈمىزنى ئىزھار قىلىپ قىلىپ تۇرىمىز، ھەتتا تېلېفوندىكى قىسقا سۆزلىشىشتە بولسىمۇ».

-توي قىلغىنىغا 13 يىل بولغانلار

«قارشى تەرەپكە ھەممىشە قايتا باشلاش پۇرستى بېرىڭ. بەزىدە تالاش-تارتىشلار تېزلا خاتا يۆلىنىشكە ئەكېتىپ قالىدۇ، بۇنداق چاغدا دەرھال توختىتىۋېلىپ قايتا باشلاڭ. ھەقىقەتەن باشتىن باشلىغان ۋاقتىڭىزدا خاتالىقىڭىزنى تۈزۈتىش پۇرستى بولغانلىقىنى بايقايسىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۈرىڭىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىشقا يول قويۇڭ».

-توي قىلغىنىغا 15 يىل بولغانلار

«نىكاھ تۇرمۇشى مۇناسىۋەتلىرىڭلارنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرىدۇ. خىزمەت، ئائىلە، ۋاقىت ۋە پۇل مەسىلىلىرى تۇرمۇشىڭىزدا پەيدا بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. دىققىتىڭىز كۆپرەك جۈرىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدا بولسۇن، ھەرگىز كەمچىلىكىدە ئەمەس».

-توي قىلغىنىغا 16 يىل بولغانلار

«جۈرىڭىزنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىگە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك سەل قارىماڭ. نىكاھ تۇرمۇشى ھەممىشە كۆڭلىڭىزدىكىدەك گۈزەل ئۆتىۋەرمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن يىللارچە ئەجىر قىلىشىڭىز كېرەك. ھەتتا سىز ئاتا-ئانا بولغاندىن كېيىنمۇ، ئەر-خوتۇن بولۇش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ».

-توي قىلغىنىغا 25 يىل بولغانلار

«مەلۇم ئىشلاردا ياكى خارەكتېرىڭلاردا ئورتاق قىزىقىشىڭلارنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ، ناۋادا ھېچقانداق ئورتاقلىقىڭلار بولمىسا، باللار چوڭ بولۇپ ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزئىڭىزنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلىسىز».

-توي قىلغىنىغا 25 يىل بولغانلار

«نىكاھ تۇرمۇشى خۇددى خىزمەتكە ئوخشايدۇ، بەزىدە ئوڭۇشلۇق بولسا بەزىدە پىشكەللىككمۇ ئۇچراپ تۇرىدىغان گەپ. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ يۈرەك سوقۇشىغا قۇلاق سېلىپ سەۋرچان بولسىڭىز، ھەممە ئىشلىرىڭىز ياخشى بولىدۇ».

-توي قىلغىنىغا 27 يىل بولغانلار

«مېنىڭچە، بىزنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىمىزدىكى مەخپىيەتلىكىمىز بولسا بىر-بىرىمىزگە ئۆز ئىشلىرىمىزنى قىلىدىغان يېتەرلىك بوشلۇق بېرىش! بىز ھەمىشە ھەممە ئىشنى بىرلىكتە قىلمايمىز. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ماس كەلدى!»

-توي قىلغىنىغا 28 يىل بولغانلار

«بەختلىك نىكاھ تۇرمۇشىنىڭ سېھىرلىك فورمۇلاسى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ھەرقانداق دانا مەسلىھەتلەرمۇ كۆڭۈللۈك ئائىلە بەرپا قىلىشقا ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە، نىكاھ تۇرمۇشى مۇكەممەل بولمىغان ئىككى ئادەمنىڭ ئۈزلۈكسىز سىناق قىلىش ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرمۇش ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىشى ھېساپلىنىدۇ. ئەمما مەسىلىلەر بىلەن قولايسىزلىقلار ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىنى ھەمىشە ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى سەۋەپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىدىن بولىدۇ. يەنە بىر نوقتا شۇكى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەر-ئايال ئىككىلى تەرەپ ياكى بىر تەرەپ ئايرىلىپ كېتىشنى خالايدۇ.

مۇبادا سىزدە شۇنداق ھېسسىيات پەيدا بولۇپ قالغان بولسا ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەڭ. نىكاھ تۇرمۇشى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ».

ـ توي قىلغىنىغا 33 يىل بولغانلار

«بىزنىڭ مەخپىيەتلىكىمىز سۆيۈش، دوستلۇق، ھۆرمەت، سەۋرچانلىق، راستچىللىق ھەمدە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىش».

ـ توي قىلغىنىغا 43 يىل بولغانلار

«بىز ھەم ئەر ـ خوتۇن ھەم ئەڭ ياخشى دوستلاردىن. بىز ھەركۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن مەن سىزنى سۆيىمەن دېمەستىن ئۇخلاپ قالمايمىز».

ـ توي قىلغىنىغا 55 يىل بولغانلار

مېنىڭ تەكلىپىمگە جاۋاب قايتۇرغان بارلىق ئېسىل دوستلىرىمغا رەھمەت ئېيتماقچىمەن. سىلەرنىڭ دانا سۆزلىرىڭلار ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ بەزى كىشىلەر ئۇچۈن چوقۇم تېپىلغۇسىز ئەڭگۈشتەر بولۇشى مۇمكىن. «بەختلىك نىكاھنىڭ سىرلىرى» نى ئورتاقلىشىش يېڭى يىلنى باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://plantationrelationshipcounseling.com/secrets-successful-marriage/


مىسلىسىز ئويغىنىش
DEBT
قەرز تۇزىقى
خالىد ئەھمەد

# قەرز تۇزىقى

خالىد ئەھمەد

«قەرز تۇزىقى» — كۈچلۈك دۆلەت ئاجىز دۆلەتنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى مۇستەملىكە ئۇسۇلىدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان قاپقاننى كۆرسىتىدۇ. كۈچلۈك دۆلەتلەر «قەرز تۇزىقى»نى ئۇلۇغ مۇئەسسەسە ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دىپلوماتىيەسى نامى ئاستىدا ئېلىپ بارىدۇ.

ھىندىستانلىق ئاكادىمىك براھما چەللانىينىڭ (Brahma Chellany) قارىشىچە، قەرز تۇزىقى — خىتاينىڭ مۇمكىنقەدەر كۆپ دۆلەتلەرنى ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرى ئاستىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئىستراتېگىيەسى ھېسابلىنىدۇ. خىتاي «بىر بەلۋاغ، بىر يول» (BRI) تەشەببۇسى ئارقىلىق بىر «مەركىزىي پادىشاھلىق» بەرپا قىلىشنى كۆزلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاي ئاجىز ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇقىمسىز دۆلەتلەرگە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش ئارقىلىق، ئەسلىدە ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئەمەس، ئەكسىچە سىياسىي جەھەتتىن ئۇلارنى تىزگىنلەشنى كۆزلەيدۇ. خىتايدىن زور سوممىلىق قەرز ئالغۇچى دۆلەتلەر ئاقىۋەتتە بۇرۇنقى قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن (يەنە قايتا) قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

خىتاي بۇ ئىستراتېگىيە ئارقىلىق قەرز ئالغۇچى دۆلەتنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئۇل ئەسلىھەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دىپلوماتىك يول بىلەن قىزىقتۇرىدۇ. ئۇل ئەسلىھە تەرەققىياتى ئايرودروم، كۆۋرۈك، پورت ۋە ئېگىز قەۋەتلىك بىنالار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق، قەرز ئالغۇچى دۆلەت بۇ دىپلوماتىك ياردەمنى قوبۇل قىلغان ھامان، خىتاي تەرەپ ئۇنى مەخپىي كېلىشىم ئىمزالاشقا مەجبۇرلايدۇ.

بۇنىڭ بىر مىسالى، خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئېكسپورت-ئىمپورت بانكىسى (Exim Bank) بىلەن كېلىشىم ئىمزالىشىدۇر. كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىنى ئاشكارىلاش چەكلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار قەرز ئالغۇچى دۆلەتنى باشقا دۆلەتلەردىن ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلىشتىن چەكلەيدىغان كېلىشىملەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدا يەنە ئەگەر قەرز ئالغۇچى دۆلەت قەرزنى قايتۇرالمىسا، تەرەققىي قىلدۇرۇلغان مۈلۈك ياكى ئۇل ئەسلىھەلەرنى قەرز بەرگۈچى دۆلەتنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى ماددىلارمۇ ئالدىن بېكىتىلگەن بولىدۇ. قەرز ئالغۇچى دۆلەتتە مەبلەغ ۋە كىرىم كەمچىل بولغاچقا، ئېغىر قەرز ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈمى قەرز ئالغۇچى دۆلەت ئۈچۈن زور يۈككە ئايلىنىدۇ. ئەمما قەرز بەرگۈچى دۆلەتنىڭ دۆلەت بانكىلىرىدا، قەرز ئالغۇچى قەرزنى قايتۇرالمىغان تەقدىردە، شۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئىشلىتىش ۋە كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىم بار بولىدۇ. قەرز ئالغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا قەرزنى قايتۇرالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ خىتايغا ئوخشاش قەرز بەرگۈچى دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۆۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىزگىنلەۋالىدۇ.

«قەرز تۇزىقى دىپلوماتىيەسى» — ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىز دۆلەتلەرگە ئۇل ئەسلىھەلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى سۈپىتىدە ئىستراتېگىيەلىك ھالدا غايەت زور قەرز بېرىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ مەخپىي ماددىلار بىلەن بىرگە يۇقىرى ئۆسۈم نىسبىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھىندىستانلىق ئالكادىمىك براھما چەللانىي «قەرز تۇزىقى دىپلوماتىيەسى» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم 2017-يىلى خىتاينىڭ نامرات دۆلەتلەرگە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق غەرىزىدە قەرز بېرىش سىياسىتىگە قارىتا ئىشلەتكەن. خىتاي بۇ توزاقنى قەرز ئالغۇچى دۆلەت قەرزنى قايتۇرۇلمىغان ئەھۋالدا، شۇ دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۈلۈكلىرىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن كونترول قىلىش مەقسىتىدە ئىشقا سالىدۇ. شۇڭا خىتاي 44 دۆلەتنى تۇتاشتۇرۇش ۋە ھەر بىر قاتناشقۇچى دۆلەت ئۈچۈن گۈللەنگەن سودا يولى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، «بىر بەلۋاغ، بىر يول» (BRI) دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەمەلىي تۈرنى باشلىغان.

خىتاي بۇ مەقسەتتە بارلىق قاتناشقۇچى دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك يول ئارقىلىق سودا كېلىشىملىرىنى ئىمزالىدى. ئەمما تەتقىقاتچىلار بۇ كېلىشىمنىڭ خىتايغا باشقا دۆلەتلەرگە سىڭىشتۇرغاندا كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدىغانلىقىنى بايقىدى. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكىلىرى بىلەن قەرز ئالغۇچى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كېلىشىملەر خىتايغا قەرزنى بىر تەرەپلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قەرزنى تولۇق قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش، مۇھىت بىخەتەرلىكى قانۇنلىرىنىڭ ماقۇللىنىشىنى توسۇش ۋە قەرز ئالغۇچى دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتەك چەكسىز ھوقۇقلارنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاينىڭ قەرزى «پارىژ كۇلۇبى»دىكى ھۆكۈمەت رەسمىي قوش تەرەپلىك قەرز بەرگۈچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش كۆپ تەرەپلىك قايتا قۇرۇلمىدىن خالىي قىلىنغان ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ قەرز تۇزىقى دىپلوماتىيەسى قەرز ئالغۇچى دۆلەتنى ھەر قانداق ئىقتىسادىي ياردەم

ۋە بايلىق، جۈملىدىن قەرزنى يېنىكلىتىش جەھەتتىمۇ پۇتلۇنلىگەي ئۆزىگە تايىنىدىغان قىلىپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قەرز دىپلوماتىيەسى قەرز ئالغۇچى دۆلەتنى «قەرزنى پاي چېكىگە ئالماشتۇرۇش» ماددىسى ئاستىدا ئىستراتېگىيەلىك مۈلۈكلەرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ. نەتىجىدە، لائوس دۆلەت قەرزى دۆلەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ (GDP) 26 پىرسەنتىگە يەتكەندىن كېيىن، دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت ئېلېكتىر تورىنىڭ كۆپ قىسمىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا، خىتاي ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ باشقا ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنغاچقا، بۇ قەرز تۇزىقى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان «خىتاينىڭ قەرز تۇزىقى» ئاتالغۇسى ئوتتۇرىغا چىققان.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.wallstreetmojo.com/debt-trap/



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا
# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2025 -يىلى 9 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 9 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

## دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2025 ـ يىلى، 9 ـ ئاي)

9 ـ ئاينىڭ 2ـ كۈنى:

**ئامېرىكا ئۇيغۇرلارغا ئائىت يېڭى قانۇن لايىھەسى ماقۇللىدى**

2025ـ يىلى 2ـ سېنتەبىر، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى» (H.R. 2635) نى قوش پارتىيەنىڭ قوللىشى بىلەن ماقۇللىغان. بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئاۋام پالاتا ئەزاسى يوڭ كىم (Young Kim) ۋە ئامى بېرا (Ami Bera) قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ قانۇن لايىھەسى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرنى قوللاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرنى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتىنى نازارەت قىلىشقا بەلگىلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە مەدەنىيەت كىملىكىنى قوغداش.

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە ھوقۇق بېرىش ۋە قوللاش.

خىتاي ھۆكۈمىتىنى لاگېرلارنى تاقاشقا مەجبۇرلاش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈش.

چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشقا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى قوغداش مېخانىزمى ئورنىتىش.

بۇ قانۇن لايىھەسى ئاۋام پالاتاسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كېڭەش پالاتاسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان. ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى روشەن ئابباس بۇ قانۇننىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللاشتىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

/https://youngkim.house.gov/2025/09/02/house-passes-rep-kims-bipartisan-uyghur-policy-act

9 ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى:

**ئامېرىكا پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ۋە كۆچمەنلەر كومىتېتى «خىتاي ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۇيغۇر خەلقى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك» ناملىق دوكلات ئېلان قىلدى.**

مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قاراتقان خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش سىستېمىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ قىلمىشلارنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىغان بولۇپ، 2021ـ يىلى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» (UFLPA) نى ماقۇللاش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنى چەكلەشنى كۈچەيتكەن.

دوكلاتتا تەكىتلىنىشىچە، 2017ـ يىلدىن بۇيان مىليونلىغان ئۇيغۇرلار لاگېرلارغا قامالغان. مەجبۇرىي ئەمگەك پاختا ۋە توقۇمىچىلىق (دۇنيا پاختىسىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى)، شوخلا پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇياش ئېنېرگىيىسى ماتېرىياللىرى، مېتال قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە چېتىلغان. بۇ مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىسى پەقەت ئۇيغۇر رايونى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنى خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش ۋە قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق يەرشارى تەمىنلەش زەنجىرىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

https://refugees.org/made-in-china-forced-labor-and-the-uyghur-people/

9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى:

**كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ب د ت دىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشلىرى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى**

ياپون ۋاقتى گېزىتى «كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ب د ت دىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشلىرى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

مەزكۇر خەۋەردە، جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى يىغىنى مەزگىلىدە، ئۇيغۇر ۋەكىللىرى ۋە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈركنى خىتايغا قاراتقان بېسىمنى كۈچەيتىشكە چاقىرغانلىقى بايان قىلىنغان. پائالىيەتچىلەر 2022-يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى قىلمىشلىرى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» بولۇشى مۇمكىنلىكى كۆرسىتىلگەن دوكلاتتىكى تەكلىپلەرنىڭ ئىجرا قىلىنمىغانلىقىدىن نارازى بولغان.

يىغىندا «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»دىن يالقۇن ئۇلۇيول ۋە پائالىيەتچى رىزۋانگۈل نۇرمۇھەممەد گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھېچقانداق قانۇنىي تەرتىپسىز 9 يىلدىن 16 يىلغىچە، ھەتتا مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. نەق مەيداندىكى بىر خىتاي دىپلوماتى بۇلارنى «پۈتۈنلەي يالغان» دەپ رەت قىلغان بولسىمۇ، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى زۇلۇمنىڭ سىستېمىلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ب د ت نىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋولكېر تۈرك خىتاي بىلەن بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم سۆزلەشكەنلىكىنى، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتا تېخى كۆتۈلگەن ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى ۋە ب د ت نىڭ ئۆز دوكلاتىدىكى يەكۈنلەردە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

https://www.japantimes.co.jp/news/2025/09/10/asia-pacific/politics/un-china-rights-abuses-xinjiang/

9 - ئاينىڭ 26- كۈنى:

**شى جىنپىڭ نازارەت ۋە باستۇرۇش ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى**

گېرمان ئاۋازى ئاگېنتلىقى خەۋىرى:

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ماختىدى ۋە «گۈزەل شىنجاڭ» قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشقا چاقىردى.

شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچ كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا «ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش»نى تەلەپ قىلدى. ئۇ كومپارتىيەنىڭ قىلمىشلىرىنى «بەك توغرا» ۋە «ئۈنۈملۈك» دەپ تەرىپلىدى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرلىكتە «گۈزەل شىنجاڭ» قۇرۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

لوندوندا ياشايدىغان ئۇيغۇر شائىرى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن خىتاي تاراتقۇلىرى تارقاتقان تەبرىكلەش كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنى، بۇ مەنزىرىلەرنىڭ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان زۇلۇم بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ھازىر كىشىلەرنىڭ شى جىنپىڭ ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى «بىمەنىلىك» دەپ تەنقىدلىدى.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئۆتكەن ئون يىلدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش ۋە قاتتىق نازارەت قىلىش كۈچەيگەن. بېيجىڭ بۇنى «تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش» دەپ ئاتىغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ مۆلچەرىچە، 2022ـ يىلغىچە كەم دېگەندە يېرىم مىليون ئۇيغۇر قامالغان.

شى جىنپىڭ «مەدەنىيەت ۋە ساياھەتچىلىكنى چوڭقۇر بىرلەشتۈرۈش»نى تەكىتلىگەن. گەرچە خەلقئارادا كىشىلىك ھوقۇق ئەندىشىلىرى بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىلى 302 مىليون ساياھەتچىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بايرام كەيپىياتى مەدەنىيەت يوقىتىش سىياستى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كەنتلەردىكى رېئاللىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بېيجىڭ نازارەت تورىنى سىرتتىن كەلگەنلەرگە ئانچە بىلىنمەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن. تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ئازايغان بولسىمۇ، چىراي تونۇش سىستېمىسى ۋە رەقەملىك ئىز قوغلاش داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرىدۇ.

رايونغا كىرىش قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان ساياھەت ئۆمەكلىرى بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، مۇستەقىل تەتقىقاتچىلارنىڭ كىرىشى ئاساسەن ئۈزۈپ تاشلانغان. بۇ ئەھۋال نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئىلگىرىكى ئەھۋال بىلەن سېلىشتۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرغان.

https://www.dw.com/en/chinas-xi-celebrates-in-xinjiang-amid-surveillance-repression/a-74145724

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

